# گۈزەللىك ھەققىدە ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گۈزەللىك ھەققىدە ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئۆمەرجان نۇرى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ــ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于美德的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.7

ISBN 978-7-80744-361-2

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言—汇编—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 108086 号

| | |
|---|---|
| 本　　名 | 关于美德的格言 |
| 策　　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 编　　者 | 阿卜都卡得尔·阿塔吾拉 |
| | 莎迪克江·阿不都热西提 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880mm×1230mm　32 开 |
| 印　　张 | 5 印张 |
| 版　　次 | 2008 年 9 月第 2 版 |
| 印　　次 | 2008 年 9 月第 1 次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-80744-361-2 |
| 定　　价 | 12.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۇنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە - پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

ئۆزىنىڭ مۇقەددەس چۈمبىلىنى ئېچىپ تاشلىغان گۈزەللىك ھەقىقىي ھاياتلىقتۇر.

جىبران: «گۈزەللىك» تىن

گۈزەللىك — مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ئۆزىنى ئەينەكتە كۆرۈشىدۇر.

ئەمما، سەن ئاشۇ مەڭگۈلۈك، سەن ئاشۇ ئەينەك.

جىبران: «گۈزەللىك» تىن

گۈزەللىك بىرخىل ئېھتىياج بولماستىن، بەلكى بىرخىل شادلىقتۇر.

ئۇ چاڭقاق لەۋمۇ ئەمەس، بوشلۇقتا ئۇزىتىلغان قۇرۇققولمۇ ئەمەس، بەلكى كۆيۈۋاتقان يۈرەك، مەستخۇش روھتۇر.

ئۇ سەن كۆرەلەيدىغان شەكىل ئەمەس، سەن ئاڭلىيالايدىغان ناخشىمۇ ئەمەس، ئەمما سەن كۆزۈڭنى يۇمۇۋالساڭمۇ كۆرۈنىدىغان شەكىل، قۇلىقىڭنى ئېتىۋالساڭمۇ ئاڭلىنىدىغان ناخشىدۇر.

ئۇ پىچاق ئىزلىرى توشۇپ كەتكەن دەرەخ قوۋزىقىدىن ئېقىپ چىققان سۈيۈقلۇق ئەمەس، تۇزاقتا چۈشۈپ قالغان قۇشلارنىڭ قا-

نىتىمۇ ئەمەس.

ئۇ باھار كەتمەس گۈلزار، مەڭگۈ پەرۋاز قىلىدىغان بىر تۇي پەرىشتىلەردۇر.

جىبران: «گۈزەللىك» تىن

ئۇۋال قىلىنغان، زەربە يېگەن كىشىلەر: «گۈزەللىك مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىقتۇر، ئۇ خۇددى بىر ياش ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ شان - شەرىپى ئىچىدە ئۇيىلىپ ئارىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئوخشىشىدۇ» دېيىشىدۇ.

قىزغىن كىشىلەر: «ياق، گۈزەللىك ھەممىگە قادىر، سۈرلۈك، ئۇ خۇددى شىددەتلىك بوران - چاپقۇنغا ئوخشاش يەر - جاھاننى تىترىتىدۇ» دېيىشىدۇ.

ھېرىپ - چارچىغان، خاپىلىق تارتقان كىشىلەر: «گۈزەللىك يېقىملىق پىچىرلاشتۇر، ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بىزنىڭ تىنچلىقىمىزغا يېتىپ كەلگەندە خۇددى گۈگۈمدىكى سايىدەك ۋەھىمە ئىچىدە تىترەيدۇ» دېيىشىدۇ.

كۆڭلى پاراكەندە كىشىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: «بىز گۈزەللىكنىڭ تاغلار ئارىسىدا ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭ ئاۋازى ئارىسىدا ھايۋاناتنىڭ گۈلدۈر - گۈپپاڭلىرى، قۇشلارنىڭ قانات قېقىشلىرى، شىرلارنىڭ ھۆركىرەشلىرى بار».

شەھەرنىڭ كېچە قاراۋۇلى ئېيتىدۇ: «گۈزەللىك سۈبھى بىلەن بىللە شەرقتىن كۆتۈرۈلىدۇ».

چۈش ۋاقتىدا ئىشلەۋاتقانلار ۋە يولۇچىلار: «بىز گۈزەللىك-نىڭ كۈن ئولتۇرغان دېرىزە قېشىدا تۇرۇپ زېمىنغا نەزەر سېلى-ۋاتقانلىقىنى كۆردۇق» دېيىشىدۇ.

قىش كۈنلىرى ئالدىنى قار دۆۋىلىرى توسۇۋالغان كىشىلەر: «ئۇ باھار بىلەن بىللە كېلىپ، تاغ چوققىلىرىدا جىلۋە قىلىدۇ» دېيىشىدۇ.

تومۇز كۈنلىرى ئورما ئوروۋاتقان كىشىلەر: «گۈزەللىكنىڭ باھار بىلەن بىللە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى، چاچلىرى ئارىسىدا ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرى تۇرغىنىنى كۆردۇق» دېيىشىدۇ.

جبران: «گۈزەللىك» تىن

كىيىم - كېچەك سىلەرنىڭ نۇرغۇن گۈزەللىكىڭلارنى يې-پىۋالىدۇ، زىنھار ئەيىب - نۇقسانلىرىڭلارنى ياپالمايدۇ. سىلەر كىيىم - كېچەكتىن يېپىش ئەركىگە ئېرىشتىڭلار، شۇنداقلا ئۆ-زۈڭلارغا ئاسارەت تاپتىڭلار، ئۆزۈڭلارغا يوگەن سالدىڭلار. مەن سى-لەرنى قۇياش ھەم شامال بىلەن كىيىم - كېچەك سىرتىدىن ئەمەس، بەلكى كۆپرەك ئۆز بەدىنى ئارقىلىق ئۇچراشسىكەن دەيمەن. چۈنكى، ھاياتلىق قۇياش نۇرىدا كۆكلەيدۇ، ھاياتلىق تىنىقلىرى شامال بى-

لەن بىللە بولىدۇ.

جىبران: «كىيىم ـ كېچەك» تىن

— ئەي گۈزەللىك! سەن ماڭا ئايالىلارنىڭ سىرلىرىنى دەپ بەرسەڭ، قانداق؟ — دېدى يۈرىكىم گۈزەللىككە، — چۈنكى سەن ئۇنى ئەڭ ئوبدان بىلىسەن.

«ئەي يۈرەك! ئۇ — سەن، سەن قانداق بولساڭ، ئۇمۇ شۇنداق. ئۇ —مەن، مەن قەيەردە بولسام، ئۇ شۇ يەردە، — دېدى گۈزەللىك، —ئۇ دىنغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنى دۆت كىشىلەر بۇرمىلىمىغان بولسا؛ ئۇ تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنى قارا بۇلۇتلار توسۇۋال-مىغان بولسا؛ ئۇ تاڭ شامىلىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا بەتبۇي پۇراقلار ئارىلاشمىغان بولسا...»

يۈرىكىم مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكنىڭ قىزى دانىشمەنلىككە يېقىنلىشىپ:

—ماڭا ئەقىل ـ ئىدراك بەرگىن، مەن ئۇنى ئىنسانلار ئارد-سىغا ئەكىتەي، — دېدى. دانىشمەنلىك ئۇنىڭغا:

—بىلىشىڭ كېرەككى، دانىشمەنلىك — بەخت، ئۇ ھەرقاند-داق سىرتقى جايدىن ئەمەس، يۈرەك ـ قەلبىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس چوڭقۇرىدىن پەيدا بولىدۇ، — دېدى.

جىبران: «بەختىيار ئائىلە» دىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەگەر سەن گۈزەللىكنى مەدھىيىلىمەكچى بولساڭ، دەشت ـ باياۋان ئوتتۇرىسىدا بولساڭمۇ ئاڭلىغۇچى چىقىدۇ.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ياشاشتىكى مەقسىتىمىز — گۈزەللىكنى تېپىش، باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۈتۈش شەكىللىرىدۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

جاھاندا ئىككى ئۆزگەرمەس نەرسە باردۇر: گۈزەللىك ۋە چىنلىق. گۈزەللىك ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ قەلبىدە، چىنلىق — تېرىغۇچىنىڭ يەلكىسىدۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئۇلۇغ گۈزەللىك مېنى ئەسىر قىلدى، ئەمما يەنە بىر تېخىمۇ ئۇلۇغ گۈزەللىك ئازاد قىلدى.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن



گۈزەللىك ئۇنىڭغا تەلپۈنگۈچىنىڭ نەزىرىدە ئۇنى كۆرگۈچىنىڭ كۆزىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ گۈزەلدۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

گۈزەللىك بىزنى ئەسىر قىلالايدۇ، زىيادە گۈزەللىك بولسا

بىزنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئازاد قىلالايدۇ.

جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن

گۈزەللىك — تىلنىڭ ياردىمى بىلەن لەۋلەرنىڭ ئارىسىدىن چىققان تاۋۇشقا، سۆز بوغۇملىرىغا موھتاج بولمىغان ئەرشكە مەنسۇپ بىر خىل ئۆلمەس تىل. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق يېقىملىق ئاۋازلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن مەڭگۈ تۇرغۇن ھالەتتىكى جىمجىتلىق بەرپا قىلىدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

گۈزەللىك پەقەت بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزلا چۈشىنىدىغان سىر، روھىي دۇنيا ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈنىدۇ، تەسىرى بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

بىزنىڭ ئوي ـ پىكرىمىز گۈزەللىك ئالدىدا تىتىرقايدۇ گۈزەللىككە تەبىر بېرىش، ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى — قەلبى گۈزەل بولۇش بىلەن

سىرتقى قىياپىتى گۈزەل بولۇشىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

سۇخوملىنسكىي

گۈزەل ھۆسن بىر قات چۈمبەل بولۇپ، ھامان بىر مۇنچە نۇقسانلارنى يېپىپ تۇرىدۇ...

بالزاك

ئاياللار شۇنى چۈشىنىشى ۋە ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەككى، ئەر كىشى — ئۇ ئەر كىشىلا بولىدىكەن (قۇشلار ۋە ھايۋانلار بۇنىڭ سىرتىدا)، قېرى ياكى ياش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چىرايلىق ئاياللارنى ياخشى كۆرىدۇ.

بەي ياڭ

ئۆزىڭىزنىڭ چىرايلىق ئەمەسلىكىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. بۇنى راستتىنلا بىلەلىدىڭىزمۇ، يوق؟ ئالىيجانابلىقىڭىز چىرايىڭىزدا ئىپادىلەنگەن چاغدىلا، سىز چىرايلىق بولالايسىز.

گوگول

دۇنيادا كەم ـ كۇتىسىز گۈزەللەر بار، ئۇنى ھەربىر ئادەم كۆرۈپ تۇرالىشى، تەسىرىنى قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىيالىشى لازىم. ناۋادا بىر ئايال ئاجايىپ چىرايلىق، گۈزەل بولۇپ يارىتىلماي، قەدىر

www.uyghurkitap.com

ئەھۋال بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈشكە ھەقلىق، بۇ ئادەم ئۇنى چۆل ـ دالىلارغا ئېلىپ كېتىپ يوشۇرۇپ قويسۇن، بىراق جاھاندا تەڭدىشى يوق گۈزەلنى ھەممە ئادەم كۆرۈپ تۇرالىشى كېرەك.

گوگول

گۈزەللىك —ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ئىمتىيازى.

مېلىڭ تيەن

خۇدا ئاياللارنى گۈزەل قىلىدۇ، شەيتان بولسا جازىبىدار، يېقىملىق قىلىدۇ.

ھيۇگو

ئاياللارنىڭ كەسكىنلىكى — گۈزەل ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىغان يۈز مىيى ۋە ئۇپىدىن ئىبارەت

لاروشفېك

ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئاياللارنىمۇ كىشىلەر ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بەزىدە ئۆزىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، مۇلايىم مۇئامىلىسى ۋە پاكىز ـ رەتلىك كىيىنىشلىرى بىلەن سىزنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ناھايىتى ئاسانلا ئادەتلەندۈرەلەيدۇ.

روكسوش

بىر ئەر كىشى چىرايلىق خوتۇنى بولۇشنى، بىر ئايالمۇ سۆلەتلىك ئېرى بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، بۇ ئىنساننىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەيىبلىگۇدەك ھېچ ئىش يوق، ئۇنىڭ بولمايدىغان يېرىمۇ يوق.

بەي ياڭ

ھەقىقىي گۈزەللىك گۈزەللىكنىڭ ئۆزىدە نامايان بولۇپ تۇرىدىغان روھىي تېتىكلىكتە. مودا قوغلىشىش ياخشى ئادەت ئەمەس، چۈنكى سىزنىڭ چىرايىڭىز مودا قوغلىشىش بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

روسسو

ئۆزۈمنىڭ ئەڭ گۈزەللەشكەن ۋاقتىمدىكى چىراي ـ شەكلىمنى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمگە كۆرسەتكۈم كېلىدۇ.

شەنكۇ بەيخۇي

گۈزەل ھۆسن بىلەن جەلپ قىلىش كۈچى جاننى ئالىدىغان ئىككى نەرسە، ھېلىمۇ ياخشى گۈزەل ئاياللارنىڭ ھەممىسىدىلا جەلپ قىلىش كۈچى بولىۋېرمەيدىكەن، ئادەتتە چىراي ـ شەكلى ئادەتتىكىچە ئاياللارنىڭمۇ قانداقتۇر ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىغان يې-

www.uyghurkitap.com

قىملىق يېرى بولىدىكەن.

مارك تۋېن

«گۈزەل ھۆسن» نى تەرىپلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئۇنىڭ ئۆزىلا تەبىئىي ھالدا ھەممەيلەننىڭ كۆزىنى قايىل قىلىۋېتەلەيدۇ.

شېكسپېر

ھەرقانچە نامرات ئايال بولسىڭىزمۇ، بىر قۇر ئەل قاتارى كىيىمىڭىز، يۈزىڭىزدە گىرىمىڭىز، خۇش پۇراق ئەترىڭىز بولمىسا بولمايدۇ.

شياڭ جىڭيۇ

كۆركەملىك مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، ئاياللارنىڭ ياسىنىشىنى خەقلەر ئەيىبلەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ.

شياڭ جىڭيۇ

خانىم ـ قىزلار مېھرى ئىسسىقلىقنى ئەينەكتىن تاپىدۇ.

ۋ. خازلىن

ناۋادا جىمىكى ئاياللار گۈزەللىك شەرتىگە توشۇپ يارىتىلىدۇرگەن بولسا، بۇ دۇنيادا بەكمۇ ئادەتتىكىچە بولۇپ قالغان بولاتتى.

بېرناردشاۋ

نامرات ئائىلىدە تۆرەلگەن گۈزەل قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنىلا ناھايىتى زور تويلۇق مال بولالايدۇ.

ئاپۇلئۇس

قىزلار ئۈچۈن ساھىبجامالىق ئەرلەردىكى ئەقىل - پاراسەتكە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم.

چېستېرفىېلد

قىزلارنىڭ چىرايلىق بولۇشى تويلۇق مالنىڭ يېرىمىنى تەل قىلغانغا تەڭ.

دېرىكس

ناۋادا بىرەر قىزغا گۈزەللىكىنىڭ قەدىر - قىممىتى يوق، كىيىم - كېچەكنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يوق دېيىلسە، بۇ نەقەدەر بىمەنىلىك - ھە. گۈزەللىك قەدىر - قىممەتكە ئىگە.

ش. سىمىت



ئاياللارنىڭ يۈز - كۆزىگە سۈركىۋالغان ئۇپا - ئەڭلىكى، خۇددى ھۆل - يېغىن مەزگىلىدىكى لاي سۇۋاقتەك تاماقنىڭ ھو-رىدىن چىققان تەرگە ۋە تاماق چاينىغان چاغدىكى سىلكىنىشلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

چيەن جۇڭشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياسىنىپ، تارىنىپ يۇرۇش جانلىق ـ تېتىك خانىم ـ قىزلارغا ئاز ـ تولا بولسىمۇ بەخت ئاتا قىلالايدۇ، شۇ قاتاردا باشقىلارنىمۇ گۈزەللىكتىن بەھرە ئالغۇزۇپ بەختىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ.

لېف تولستوي

سىلەر چىرايلىق ياشلارنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ ئۆز گۈزەللىكىنى سۇندۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ئاددىي، ھەشەمەتسىز كىيىنگەن يېزا ئاياللىرىنىڭ يۈزۈر كىيىنگەن ئاياللاردىن قانچىلىك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

دا. ۋىنچى

خانىم ـ قىزلار زادى ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ياسىنىپ تارىنامدۇ ياكى باشقا ئاياللارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ...مەن تونۇيدىغان قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقا قىزلار كۆرۈپ چىدىماي ئۆلۈۋالسۇن دەپلا كىيىم كىيىدۇ! مەن ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس — مەن ئۆزۈمنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا كىيىم كىيىمەن.

جورجى فوكسۋورس

ئۆز سالاپىتىگە لايىق كىيىم تاللاپ كىيىش تۇرمۇشتىكى شادلىقىمۇ، باش ئاغرىقىمۇ بار ئىشلارنىڭ بىرى — خىزمەتكە بېرىشقا بىرلەشتۇرۇپ قارىغاندا باش ئاغرىقى شادلىقىدىن كۆپرەك. ئەگەر ناھايىتى مودا، ھېسسىياتنى قوزغايدىغان ياكى بەكمۇ ئالىي سورتلۇق كىيىم كىيىۋالغاندا، خەقلەر سىزنى شاللاق ياكى شۆھرەتپەرەس دەپ قالىدۇ ـ دە، بۇنداق ئايالLARنى مۇھىم ئىشلارغا قويۇشقا بولمايدۇ دەپ بىلىدۇ.

جورجى فوكسۋورس

ئورۇق، ئاۋاق ئادەملەر قارا كىيىم كىيمەسلىكى، سېمىز ئادەملەر ئاق كىيىم كىيمەسلىكى لازىم؛ پۇتى ئۇزۇن قىزلار چوقۇم قارا ئاياغ كىيىشى، پۇتى قىسقا قىزلار ئاق ئاياغ كىيىشى لازىم؛ چاقماق كىيىملەرنى سېمىز ئادەملەر كىيمىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن توغرا يوللۇق كىيىمنى كىيگەندىن ياخشىراق.

لۇشۈن



بىر ئايال پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ بىر مەھەل ئۆزىنى كۆرستىۋېلىشى مۇمكىن، بىراق باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرىدۇ… ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ئۆزىدە نامايان بولۇپ تۇرىدىغان روھىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى

تېتىكلىكتە.

روسسو

ھەقىقىي گۈزەللەر ئۇپا ـ ئەڭلىكنى كۆپ سۈرمەيدۇ، قالايمىقان كىيىم كىيمەيدۇ.

لاۋشې

ھەددىدىن ئارتۇق ياسىنىپ، تارىنىش، دەرۋەقە توغرا ئەمەس، پۇتۇنلەي ياسانماسلىق، تارانماسلىق تۇرمۇشنىڭ خاھىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ خۇش قىلالايدىغان ئاياللار قانداق ياسىنىپ تارىنىشنى ئوبدان بىلىدۇ.

ف. باكون

خېلى كۆپ كېلىشكەن خانىم ـ قىزلار پەرداز بويۇملىرىنىڭ ياردىمىسىز بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق پەرداز قىلىشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئاددىي ـ ساددا گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ.

بالزاك

خانىم ـ قىزلارنىڭ ھەقىقىي زىبۇ زىننىتى كىيىم ـ كېچەك ئەمەس، بەلكى گۈزەل ئەخلاقى.

سوقرات

قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە. گۈزەللىكنىڭ ئۈچ ئۆلۈشى چىراي، يەتتە ئۆلۈشى پەرداز بولۇپ، پەقەت پاكىز، رەتلىك، ئوچۇق - يورۇق، بېجىرىم بولۇشلا كۇپايە. بۇ جەھەتلەرگە ئېتىبار بەرمەي، كىر - قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش، بالا بېقىشلارغا بېشچىلاپ كىرىپ كېتىپ ئۆلەي دەپ قالسىڭىزمۇ، ئېرىڭىزنىڭ باشقا ئاياللارنى كۆرگەن چاغدىكى قىچىقىغا دال بولالمايسىز.

بەي ياڭ

كەم سۆزلۈك ئاياللارنىڭ بىر خىل زىننىتى، ھالبۇكى ئاددىي - ساددا ياسىنىشمۇ ئۇلارنىڭ بىر خىل گۈزەللىكى.

دېموكرىت

ئەرلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، خانىم - قىزلارنىڭ ئايال لىق گۈزەللىكى ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشى.

مۇنىر ناسوف



شۇنى ئەجەبلەنگەن ھالدا بايقىدىمكى، چىرايدىكى بىر جانلىق ئىپادە ئادەتتىكىچىلا بىر تەلەتنى بىردىنلا يېقىملىق قىلىپ جانلاندۇرۇۋېتەلەيدىكەن. شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، مىجەز - خا-

www.uyghurkitap.com

راكتېردىكى كەسكىن ئوخشىماسلىق ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان سالاپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىكەن. ئىندىۋىدۇئاللىق كۆپ خىل بولغىنىدەك گۈزەللىكمۇ كۆپ خىل بولىدۇ.

ليۇ شياۋچىڭ

تەبىئىي گۈزەللىك بىر ئىستاكان سۈزۈك سۇغا ئوخشىسا، ياسىنىشتىن كەلگەن گۈزەللىك تەمى ئاغزىڭىزدىن كەتمەيدىغان بىر ئىستاكان شەربەتكە ئوخشايدۇ.

ليۇ شياۋچىڭ

سەدەپتەك چىش، گىلاستەك لەۋلەر دەرۋەقە بىر خىل گۈزەل-لىك، ئەمما ناۋادا مول ۋە يۇختا ئىچكى دۇنيا بولمىسا، بۇنداق گۈ-زەللىك يەڭگىلتەك كۆرۈنۈپ قالىدۇ. گۈزەللىك پەقەت ئاددىي ھالدىكى سىرتقى قىياپەت ئۇقۇمىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ چوڭقۇر ۋە كەڭرى كەتكەن ئىچكى مەنىگە ئىگە.

جاڭ يۇ

ئاياللار ئۆز چىرايىغا قانچىكى ئىشىنىپ كەتسە، ئائىلىسىنى شۇنچە تېز زاۋال تاپقۇزىدۇ.

يى مىڭ

خانىم - قىزلارنىڭ گۈزەللىكى يۈزىدە ئەمەس، بەلكى قىلىد-

قىدا، قىلىق جانلىق، يۈز جانسىز، قىلىقى يېتەرسىز بولسا بول-
مايدۇ. قىلىق پەقەت قەلبنىڭ ئىپادىلىنىشى؛ گۈزەللىك قەلبتە
بولىدۇ.

لىن يۇتاڭ

گۈزەللىكنى سۆيۈش ئىنساننىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى،
ئىدىيىسى ۋە قەلبىنىڭ گۈزەل بولۇشى ئەلۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم.
دەرۋەقە، شەرت ـ شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا، چەكتىن ئېشىپ
كەتمەي ئۆزىنىڭ سىرتقى قىياپىتى، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە دىق-
قەت قىلىپ قويۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

لىۇ شياۋچىڭ

گۈزەللىك چىراي ئىپادىسى دېمەكتۇر. مەن بىر ئاننى سۆ-
رەتلىگەندە ئۇ قانچىلىك سەت ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت
ئۇنىڭ ئەتىۋار ئوغلىغا قاراۋاتقاندىكى ھالىتىنى سۈرەتلىيەلىسەملا
ئانىلارنىڭ گۈزەللىكىنى چىڭ تۇتقان بولىمەن.



ميۇللېر

مىلودىكى مۇھەببەت ئىلاھى شۇنچە ئۇزاق يىللارنى باشتىن
كەچۈرسىمۇ يەنىلا ئەڭ گۈزەل ئايال دېگەن بۇ شانۇ شەۋكەتنى ئۆ-
زىنىڭ گەپ ـ سۆزسىز سۈكۈتتە تۇرۇشى ئارقىلىقلا ساقلاپ قالا-

لىغان. ناۋادا ئۇ شۇنداقلا ئېغىز ئاچسا، ئۇنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان بارلىق جايلىرى بەربات بولۇپ كەتسە كېرەك.

روزا ليۇكسمبورگ

سۈكۈت قىلىش — خانىم ـ قىزلارنىڭ ئەڭ ياخشى زىبۇ ـ زىننىتى.

يوھان لېر

ئاياللار گۈزەللىكى — ئاياللاردىكى بىر خىل مەنىۋى كۈچ، ئۇ باللارنى تەربىيلەش كۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەرلەردىنمۇ تەربىيلەيدىغان كۈچتۇر ... ئاياللار گۈزەللىكىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ناھايىتى زور دەرىجىدە خوتۇنلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئائىلىنىڭ كىچىك دائىرىسىدىن قانچىلىك يىراقلاپ كېتەلەيدىغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

سۇخوملىنسكىي

قىزلار گۈزەللىكنى قانداق يارىتىش ھەققىدە ئويلىنىۋالغان قىزچاق ۋاقتىنى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان قىزچاققا قارىغاندا بەكمۇ گۈزەل ۋە مەنىلىك. ئويۇن ـ تاماشا — گۈزەللىكنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى.

سۇخوملىنسكىي

قىزلارنىڭ مۇلايىملىقى — نازۇكلۇقى، ئىنتائەتمەنلىكى، يا-ۋاشلىقى، مېھرىبانلىقى، چەكسىز مۇھەببىتى، بېقىندىلىقى ۋە مۇۋاپىق ھالدىكى ناز - كەرەشمىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

دېنىنسون

مۇلايىم - نازاكەتلىك، ئېغىر - بېسىق ۋە پەم - پاراسەتلىك بولۇش خانىم - قىزلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ھىمايە قىلىشىغا ھەم باشقىلار بىلەن ئوبدان چىقىشىپ ئۆتۈشىگە، جۈملىدىن بۇنىڭدىن كېيىن ئېرى بىلەن بىرلىكتە ياشاپ، پەرزەنتلىرىنى قاتارغا قوشۇشقا پايدىلىق. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ پەزىلەتلەر خانىم - قىز-لارنىڭ روھىي دۇنيا ساپاسىدىكى ئەڭ گۈزەل قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

شياڭ لىن

ئايال ئالىم كيۈرى خانىم: «ئەگەر غايە يولىدا ئىزدىنىپ يا-شاپ، ھەققانىي ئەركىنلىك روھى ۋە باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەشتەك قەيسىرانە ئىرادە بويىچە سەممىمىي - ساداقەتتە، ئۆز - ئۆزىنى ئالدىماي ئىش ئېلىپ بارغاندىلا، ھەم گۈزەل ھەم ياخشى مەنزىلگە چوقۇم يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دېگەنىدى. جۇڭخۇا مىللىتى ئا-ياللىرىنىڭ دۇنيادا ئەڭ گۈزەل ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىغا ئى-

شىنىمەن.

جاك چىڭيۇن

سۈكۈت قىلىش ئاياللارغا سېھرىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

سوفوكلېس

ئاياللار قانچىكى چىرايلىق بولسا، شۇنچە ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇلار دائىم گۈزەللىكىم بىلەن جاھاننى ئىلكىمگە ئالالايمەن دەپ قارايدۇكى، بۇ گۈزەللىكنىڭ ئىنتايىن شەپقەتسىز ۋە قورقۇنچلۇق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، دۇنيادا مەڭگۈ ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈل بولمىغىنىدەك، ئادەممۇ قېرىيدۇ، گۈزەللىكمۇ يوقىلىدۇ.

چيۇڭ ياۋ

بىر ئەركەك بىر قىزنى كۆرۈپ چىرايلىقكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلسە، شۈبھىسىزكى بۇ قىزدا بىر خىل قىزلار گۈزەللىكى بار بولغان بولىدۇ. ياندىكى بىرەيلەن قىزنىڭ زىننىقى چېچەك ئىزىكەن دېگەن ھالەتتىمۇ، بۇ ئەركەكنىڭ قەلبىدە لاۋۇلداۋاتقان مۇھەببەت يالقۇنىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ.

باگتىيەن جېڭشيۇ

خانىم ـ قىزلارنىڭ بەدەن گۈزەللىكى ھەيكەلتىراشلار ياساپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىيسى

چىققاندەك ئۇنداق ئۆزگەرمەس، مۇقىم گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان خىلمۇخىل ھالەتتىكى گۈزەللىك، خانىم ـ قىزلارنىڭ بەدەن قىياپىتىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جەسۇرانە ھاياتلىق نۇرىدۇر.

باگتىيەن جېڭشيۇ

ئادەم پىگۇرىسىنىڭ گۈزەللىكى دەۋر كەيپىياتى ياكى مودىغا ھەۋەس قىلىشلارنىڭ مەھسۇلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن (بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس)، خانىم ـ قىزلار گۈزەللىكى ئەبەدىي بولىدۇ. بۇ خىل گۈزەللىك ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى مەقسەتلىك تۈردە تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدىكى يول باشلىغۇچى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئىلاھ سۈپىتىدە قارايدىغان ئۇلۇغۋار غايىسىگە يول باشلاپ بەرگۈچىدۇر.

دونكان

ئايالنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى قانچىكى يۇقىرى بولسا، بۇ ئايال گۈزەللىك سىرتقى قىياپەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى مول مەنىۋى بايلىق ۋە كەڭرى قىزىقىش، ئېھتىياج ۋە ھەۋەس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىغا تېخىمۇ بەك ئىشىنىدۇ.

سۇخوملىنسكىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

خانىم ـ قىزلارنىڭ مۇلايىملىقى بارلىق گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى.

تېگىبىن يىيى

چىرايلىق ئاياللار ھۆسن ـ جامالدا باشقىلاردىن ئۈستۈن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاق كۆڭۈل بولۇشى لازىم.

گرانۋدل

ئاياللارنىڭ سىرتقى جەھەتتىكى گۈزەللىكى پەقەت كۆزگە ئارام بەرسە، ئىچكى دۇنياسىدىكى گۈزەللىكى روھىي دۇنيانى لەرزىگە سالىدۇ.

ۋولتېر

گۈزەللىكنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەرگىز نەپسىنى قوزغىتىش ياكى ئۇنى يالقۇنجىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ساپلاشتۇرۇش، ئالىيجانابلاشتۇرۇش...

لى يۇن



گۈزەل خىسلەت سەممىيلىكتىن كېلىدۇ، «توقۇپ چىقىرىشلار» گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلارنى مەڭگۈ بەرپا قىلالمايدۇ.

روللان

گۈزەللىكنىڭ يېقىملىق بولۇش ۋە قەدىر ـ قىممىتى بو-
لۇشتەك ئىككى خىل تۈرى بار. بىز يېقىملىق بولۇشنى ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكى، قەدىر ـ قىممىتى (ئابرۇيى) بولۇشنى ئەرلەرنىڭ ئا-
لاھىدىلىكى دەپ قارىشىمىز لازىم.

ستسېرو

ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ئاساسەن سىلىق تېرىسى، نۇرلۇق يۈزى، يۇمشاق شۇنداقلا تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى، چەبدەس ۋە كېلىشكەن قامىتى، ئانىلىق مەجبۇرىيىتىگە ماس كېلىدىغان مېھرىبان چېھرىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ۋاسلىيېف

ئاياللارنىڭ سىرتقى قىياپەت گۈزەللىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ھەرخىل ئامىللار ئىچىدە مەنىۋى گۈزەللىك بىرىن-
چى ئورۇندا تۇرىدۇ.



سۇخوملىنسكىي

ئاياللارغا مۇلايىملىق، ئەرلەرگە قەيسەرلىك يارىشىدۇ. لېكىن، تەبىئىي ھالدا قەيسەرلىك ئاياللاردا، مۇلايىملىق ئەرلەردە بولۇپ

قالسىمۇ، ئۆز گۈزەللىكىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

جوكوپىك

قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىشىلەرنىڭ ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاشلا گۈزەل بولىدۇ، دەپ قاراپ سىرتقى قىياپىتىگە بەك ئىشىنىپ كېتىدۇ ...

بالزاك

ھاكاۋۇرلۇق قىلماي، گۈزەللىككە ئىنتىلسە، بۇنداق گۈزەل-لىكنى ياخشى كۆرۈش ئورۇنلۇق بولغان بولىدۇ.

دېموكرىت

بىر ئايال پەقەت بىر خىل ئۇسۇل بىلەنلا گۈزەل بولالايدۇ، ئەمما ئۇ تۈمەنلىگەن ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنى ئوماق، يېقىملىق قىلالايدۇ.

مۇنتىسكيۇ



خانىم ـ قىزلارنىڭ ئەڭ زور تەسىرى ۋە جەلپ قىلىش كۈچى، پەلسەپىچىلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، يېقىن يولاتماسلىق تە-سىرى، مەلۇم ئارىلىق ساقلاش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن تۈپ ـ ئاساس ۋە ئەڭ مۇھىملىقتا تەۋە بولغان ئارىلىقتۇر!

نىس

بىر ئايالنىڭ نازاكەتلىك بولۇشى ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بۇ ئىككىسى ئۆزئارا شۇ قەدەر ماسلاشسا بولۇپمۇ بۇنداق نازاكەتلىك سۈنئىي، ياسالمىلىق بىلەن ئەمەس، تەبىئىي ھالدا ئۇنى ئۆزىدە ئىپادىلىيەلىسە، ئۇنداقتا بۇ نۇقسانسىز مۇكەممەل نازاكەتلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ستېندال

خانىم - قىزلارنىڭ ياشلىق باھارىنى ئۇپا - ئەڭلىككە تايىنىپ ساقلاپ قېلىشى ئىنتايىن تەس. مۇھىمى ئەقىل - پاراسەت، زېھنىي كۈچ، مول ئىچكى دۇنيا ۋە ھاياتقا بولغان ئىشەنچكە تايىنىش كېرەك.

كې يەن

خانىم - قىزلار پۈتۈنلەي ئۆز گۈزەللىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سالاپىتى، قەددى - قامىتى، گەپ - سۆزلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشى ھەمىدە نەزەر دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىرايلىقلىقىغا تايىنىپمۇ كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدۇ.

بەي ياڭ

دۇنيادا سەت ئايال يوق. مەسىلە بۇ ئاياللارنىڭ ئۆزىنى قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق ئادرېسى

قىلغاندا ئەڭ چىرايلىق قىلىشنى زادى بىلمەسلىكىدە.

فرانك

گۈزەللىك ئاياللارنى مۇقەررەر ھالدا جازىبىدارلىققا ئىگە قىلىدۇ، لېكىن جازىبىدارلىق ھەرقانداق ئايالنى گۈزەل قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ ...ناۋادا سىلەر جازىبىدارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىڭلارنى ھېس قىلساڭلار، بۇ جازىبىدارلىق دەل سىلەرگە لازىم بولغان گۈزەللىكتۇر.

رۇسسېل

جازىبىدارلىق گۈزەللىكنىڭ «كۆرۈنمەس» تەركىبىي قىسمى. ئازراقمۇ جازىبىدارلىقى يوق ئادەم ھەرگىز گۈزەل بولالمايدۇ. شۇنداقلا قىلچىمۇ جازىبىدارلىقى يوق ئايال ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، ھەرگىز باشقىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتالمايدۇ، چىرايلىق ھۆسن ـ جامالى ئۇنىڭغا ھېچقانچە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.



سوفىيە رولىلان

جازىبىدارلىق خانىم ـ قىزلارنىڭ بەدىنىدە ئېچىلغان گۈل. ئۇ سىزدە كەم بولسا، باشقا نەرسىنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز؛ ئۇ سىزدە كەمچىل بولسا، نەرسىلىرىڭىز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ،

يوقسۇلدەك بولۇپ قالىسىز.

بارى

جازىبىدارلىق —ئادەتتىكىچىلا بىر ئايالنى باشقىلاردىن ئۆزگىچە ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان ئايالغا ئايلاندۇرالايدۇ. جازىبىدارلىق تېنىڭىزدىكى نۇرغۇن قۇسۇرلارنى يوقىتىۋېتەلەيدۇ.

سوفىيە روللان

ئاياللار گۈزەللىكى دېگەن نېمە؟ ئۇ بەئەينى قۇياش كائىناتنى يورۇتقاندەك قەلبلەر نازاكىتىنى ئويغىتىدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەت، بىر ئىلاھىي كۈي؛ قەددى ـ قامەتنىڭ جازىبىدارلىقى دەل مەنىۋىيەت ئارقىلىق پارلاق نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

ئى. يوۋنگ

ئەرلەر ياكى ئاياللاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئالاھىدە گۈزەللىك ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئايرىلغان ئەمەس.

ئېمېرسون



ئاياللاردىكى جازىبىدارلىقنىڭ ھەممىسىلا ھايات ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاياللاردا ھاياتقا تەقدىم ئەتكەن ئەڭ گۈزەل نەرسە. جازىبىدار ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىن ئالىدىغىنى ئىنتايىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاز. ئەمما، قوشىدىغان تۆھپىسى ئىنتايىن كۆپ.

مۇنىر ناسوف

ئاياللارنىڭ جازىبىدارلىقى قەيەردە؟ گۈزەل ھۆسنىدىمۇ؟ ئە-قىل - پاراسىتىدىمۇ؟ گەپ - سۆزلىرىدىمۇ؟ كۈلكە - چاقچاقلىرى-دىمۇ؟ شۇنداق، مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە، شۇنداقلا باشقا جەھەتلەردە.

مۇنىر ناسوف

چىرايلىقلىقىڭىزغىلا تايىنىپ ھەممىگە ئىگە بولالمايسىز، لېكىن چىرايلىقلىقىڭىزغا جازىبىدارلىقىڭىز قوشۇلسا، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىسىز.

سوفيە روللان

جازىبىدارلىق بىر خىل شەخسىي ساپا. جازىبىدار بولاي دې-سىڭىز، ئۆزىڭىزگە خاس قىممەتلىك بىر يېرىڭىز بولۇشقا ئالا-ھىدە دىققەت قىلىڭ ھەمدە ئىنتايىن سەممىي تۇردە ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىپ، باشقىلار ئالدىدا نامايان قىلىڭ.

سوفيە روللان

جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئاياللار ئۆز يېنىدىكى ھەممەي-لەننى شادلىق ئىلكىگە چۆمدۈرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ھېچكىم-

نىڭمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن كەتكۈسى كەلمەيدۇ.

سوفىيە رولالان

خانىم ـ قىزلاردىكى ئۆزگىچە جاسارەت ۋە نازاكەتلىكنى مول بىلىم ۋە پىششىپ يېتىلگەن خاراكتېر ئاتا قىلغان.

دېككېنس

ھېچقانداق خۇش پۇرىقى يوق ئايالـلار ئەڭ خۇش بـۇي ئاياللاردۇر.

پروتوس

خانىم ـ قىزلار ئاددىي ـ ساددا، يارىشىملىق ۋە پاكىز ـ رەتـ لىك كىيىنسە كۇپايە، پەزىلىتى ياخشى بولسىلا، ياسىنىش نەھاجەت.

لۇجىڭشى

«جازىبە قىلغۇچى كۈچ» — مۇنداقچە ئېيتقاندا زورلـۇق كۈچى ئىشلەتمەي مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغان كۈچ — خانىم ـ قىزلاردا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە. كۈچ ـ قۇدرەت — ئەرلەر ـ نىڭ جازىبە قىلغۇچى كۈچى بولغىنىدەك، جازىبە قىلغۇچى كۈچمۇ ئاياللارنىڭ كۈچ ـقۇدرىتى.

ئېبرس

خانىم ـ قىزلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشىنىڭ دەسمايىسى بولالايدۇ، ئەمما مۇھەببەت شادلىقىغا ھەرگىز كېپىللىك قىلالمايدۇ.

ماخامان

چىرايلىق ھەم ئېپپەتلىك ديانەتلىك ئايال تەڭرىنىڭ مۇكەممەل، نادىر ياراتمىشى، پەرىشتىلەرنىڭ ھەقىقىي شان ـ شەرىپى، يەر شارىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان كارامىتى، دۇنيانىڭ بىردىنبىر مۆجىزىسى.

فىلىپ

خانىم ـ قىزلارنىڭ زىبالىقى كىشىنى دىلخەستىلىكتىن خالاس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھامان كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان جازىبىدارلىق ۋە ئىشەنچ يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ شادلىقى ئەرلەرنىڭ شادلىقىغا شادلىق قوشىدۇ. ئۇلارنىڭ چېھرىسىدىكى كۈلكە ئەرلەرنىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرىنى ئاچىدۇ.

بىنادىن. د. ساينت پىيىر



نەپرەت ھامان گۈزەل سۇمبات بىلەن بىللە ياشايدۇ. شۇڭا، گۈزەل سۇمباتنى بەكمۇ يۈزەكى ھالدا قوغلاشمىغان ياخشى.

د. ۋارت

ساھىبجامال ئايال كۆزگە ئارام بېغىشلايدۇ، دىيانەتلىك ئايال كۆڭۈلگە دەرمان بېرىدۇ.

ناپولېئون

قەلبى گۈزەللەرنى قىگۈرىسى گۈزەللەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم، ناۋادا قىگۈرىسى ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ، قەلبى گۈزەل بولغان بىرەرسىنى يولۇقتۇرۇپ قالـ سىڭىز، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرىشىڭىز كېرەك.

ئەپلاتون

بىر ئايالنىڭ چىرايى سولىشىپ قالسىمۇ يەنىلا خېلى ئوبدان تۇرۇۋاتقان چېغىدا، ئۇنىڭغا ھال كىرىپ قالسا ھەزىلكەشتەك بولۇپ قالىدۇ ياكى بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ.

سانفر



چىرايلىق ئايالالار سەت ئايالالاردەك ئۇنچىۋالا خەتەرلىك ئەمەس، چۈنكى چىرايلىق ئايالالار خەقنىڭ قىزغىنلىق كۆرسىتىشىگە ئا- دەتلىنىپ قالغان. ھالبۇكى سەت ئايالالار ھەر بىر ئەركەككە قىز- غىنلىق كۆرسەتكەندىلا، بىر توپ ئەگەشكۈچىلەرگە ئىگە بولالايدۇ.

ھېينې

سىز ئالدى بىلەن ھەم شائىر، ھەم بىر كۆپلىگەن شېئىر ئانا-دىن بىر ئايالسىز. شۇنداق، سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا گۈزەل ھۆس-نىڭىزدىنمۇ قىممەتلىك بىر نەرسە بار. سىز بەدىئىيلىكنىڭ غا-يىۋى گۈزىلى، سىز كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان گۈزەلسىز.

بالزاك

ئەرلەر ئاياللارنىڭ سەنئەتكار بولۇشىنى ئەمەس، بەلكى بىر سەنئەت بۇيۇمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ ئاياللىنىڭ شېئىر يې-زىش ـ يازالماسلىقى ھېچگەپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزى پەقەت كائىنات ياراتقان ھېسسىياتقا باي بىر شېئىر بولسىلا كۇپايە.

جۇ گوپىڭ

بۇ ئايال ھامان ئۆزىنىڭ ئالدىغا يېڭى تاماشىبىنلارنى قويا-لىغاچقا، دائىم يېڭى ـ يېڭى روللارنى ئېلىپ چىقىدۇ. ھاياتلىق — ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل توقۇلما، ماماتلىق — يېڭى ھاياتلىق بەرپا قىلىدىغان بەدىئىي ۋاستە.

گيوتى

ئاياللار، گۈزەللىك ۋە سەنئەت — بۇ ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تارىختىن بۇيان ئىنسانلار ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ئالغا سۈ-

رىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

سۇخوملىنسكىي

كەسپتىكى خانىم ـ قىزلار ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن مول ئوزۇقـ
لۇق ئېلىش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بەدەن ئېغىرـ
لىقىنى ۋە چىرايلىق فىگۇرىسىنى ساقلاپ قېلىشنىمۇ ئويلىشىشى
كېرەك.

كونستانتىن شنېيدېر

كەسپتىكى خانىم ـ قىزلار قانداقلىكى خىزمەتنى قىلمىـ
سۇن هامان ئۆزىنىڭ چىراي ـ شەكلىگە ئىنتايىن ئەهمىيەت بېـ
رىشى لازىم. چىرايلىق، يېقىملىق بولۇشتا ئۆزىگە نىسبەتەن ئىـ
شەنچ بولۇشى هەممىدىن مۇهىم.

كونستانتىن شنېيدېر

سىز گۈزەللىككە ئىنتىلىپ چىرايلىق، كېلىشكەن كەـ
سپتىكى ئايال بولۇپ چىقىش ئىرادىسىگە كەلگەن ۋاقتىڭىزدا،
شۆهرەتپەرەس ۋە هەشەمەتخور بولماڭ، بەلكى هاياتنى قىزغىن
سۆيىدىغانلىقىڭىزنى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىڭىزنى ئەمەلىيەتتە
كۆرسىتىڭ.

كونستانتىن شنېيدېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ياش قىزلارنىڭ گۈزەللىكىنى سۆيۈشى بىر خىل ئالىيجاناب، ساغلام مەنىۋى ھۇزۇر بولۇشى لازىم، ھەرقانداق گۈزەل سىرتقى قىياپەت ۋە ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان مال ـ دۇنيا ھەرگىز گۈزەللىكنىڭ باھاسى بولالمايدۇ. چۈنكى، بىزگە زۆرۈر بولغان گۈزەللىك جاپالىق ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىق ئارقىلىق قولغا كېلىشى كېرەك.

جاك چېڭيۈن

بىر ئادەمنىڭ دۇنياغا تۆرەلگەن ۋاقتىدىكى ئالاھىدىلىكى نەق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەللىك تەرىپى بولىدۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ قانداقتۇر بىر ئاتاقلىق گۈزەللەرگە ئوخشاش بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلماي، دەل ئۆزىمىزگە ئوخشاش بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىشىمىز لازىم.

روللان

قىزلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە سىرتقى قىياپىتى تەڭ گۈزەل بولۇشى لازىم. چۈنكى، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ سىرتقى قىياپىتىدىكى گۈزەللىك تۈگەيدۇ، پەقەت ئىچكى دۇنياسىدىكى گۈزەللىكلا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەبەدىي ساقلىنىدۇ.

مۇجۇ

ھەرقانداق بىر خانىم ـ قىز سىرتقى قىياپىتىنىڭ چەكلى-

مىسىگە قايتا ئۇچرىمايدىغان بولغاندا، ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەنگەن ۋە تېخىمۇ جازىبىدار بولغان بولىدۇ.

شېرلى كونران

كەسپتىكى ئايالالارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چاچ پاسونى پۈتۈن بەدەن گۈزەللىكى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

كونىستانتىن شنېيدېر

ئەگەر ئادەمنىڭ چېچىنى بىر گۈللۈك دېسەك، تۆت پەسىل-نىڭ ھەممىسىدە خىلمۇخىل گۈللەرنى قالايمىقان تېرىۋەرسەك قانداق مەنزىرە كېلىپ چىقار؟

سەنماۋ

ھۆسن بىلەن خىسلەت بىر - بىرىگە چىڭ باغلانغان، گۈزەل ھۆسنىگە ياخشى خىسلەت قوشۇلغاندىلا، خانىم - قىزلارنىڭ ئۆزىگە خاس سېھرىي كۈچى ئۇرغۇپ چىقىدۇ.

لىن يۇنچىڭ



گۈزەللىك ئادەمنىڭ ئۇستۇنلۇكى، بىر ئايال ناۋادا ئۆز گۈ-زەللىكىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولسا، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مول، تېخىمۇ كەڭرى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

تېخىمۇ رەڭدار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە دەۋاتقان گۈزەللىك بەدەن گۈزەللىكى بىلەن خىسلەت - پەزىلەت گۈزەللىكىنىڭ بىرلىكى، ۋەھالەنكى ئەڭ مۇھىمى يەنىلا خىسلەت - پەزىلەت گۈزەللىكىدۇر.

لىن يۇنچىڭ

ئېرىڭىز ئانچە ئۇزۇنغا قالمايلا، چىرايلىق - سەت دېگەنلەرگە ئانچە پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى چىرايلىقلار ھامان ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ، سەتلەر بولسا ئەكسىچە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

روسسو

پەرداز —چىرايىڭىزنى تۈزىگەن بىلەن پەزىلىتىڭىزنى تۈزىيەلمەيدۇ.

سەنماۋ

خانىم - قىزلار گۈزەللىكى — ئاياللارنىڭ بىر خىل مەنىۋى كۈچ - قۇدرىتى، ئۇ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش كۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېرىنىمۇ تەربىيىلەيدىغان كۈچتۇر.

سۇخوملىنسكىي

گۈزەللىك ـــسىزنىڭ ياكى كۆز بىلەن بايقىغىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن ئىقىن، كۆرگۈچى بىلەن كۆرۈنگۈچىنىڭ جىسمىدا دول-قۇنلىنىپ تۇرىدىغان دولقۇن چېچەكلىرى.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ھەقىقىي گۈزەللىك يۈرەكنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايىدىن ئۇر-غۇپ، خۇددى مېۋىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى شاخلىرىدىكى چېچەك-لەرگە رەڭ بېرىپ، ئۇلارنى ئېچىلدۇرغانغا ئوخشاش، ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى نۇرلاندۇرىدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ھەقىقىي گۈزەللىك قىز بىلەن يىگىتتە دەقىقە ئىچىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، يەنە دەقىقە ئىچىدە ئۇلاردا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرخىل ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ. روھىي جەھەتتىكى بۇنداق ئۆزگىرىشنى بىز مۇھەببەت دەپ ئاتايمىز.



جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى شەيئىلەر ھېسسىياتىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، يۈرىكىمىزدە سىر-لىق گۈزەللىك تۇيغۇلىرى ئويغانغان چاغلاردا، بىز بارلىق نەرسى-

لەرنى شۇ ھېسسىياتىمىز بىلەن تەسەۋۋۇر قىلالمىز.

جبىران: «سۇنغان قانات» تىن

گۈزەللىك ئالەمدە گۈزەل شەيئىلەر پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن قانات قېقىشقا باشلىغان .

جبىران: «دانىشمەن بېغى» دىن

تۇرمۇشنى نامايان قىلىدىغان ياكى بىزگە تۇرمۇشنى ئەسلىتىدىغان ھەرقانداق نەرسە گۈزەل نەرسىدۇر.

چېرنىشېۋسكىي

ئادەمنىڭ تۇغما تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، ھەممەيلەن سەنئەتكاردۇر. ئادەم، مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، «گۈزەللىك» نى ئۆز تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

گوركىي

رەسىم، نەقىش، مۇزىكا، شېئىر ۋە ھەرخىل تەبىئىي گۈزەللىكلەردىن پەيدا بولغان ھېسسىيات بولمىسا، تۇرمۇش لەززىتىنىڭ يېرىمى قولدىن كەتكەن بولىدۇ.

سپېنسېر

گۈزەل نەرسە تۇرمۇشتۇر.

چېرنىشېۋسكىي

گۈزەللىك ئەسلىدە بىر خىل تەبىئىي ھادىسە، ئۇنىڭ ئۆزى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، ئەمما ئۇ ئىجادىي روھنىڭ خىلمۇخىل ئىپادە-لىرىدە ئەكس ئەتكەندىلا ئاندىن ئۇنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇ تەبىئەتكە ئوخشاش مول ۋە رەڭگارەڭ بولىدۇ.

گيوتى

كىشى قەلبىگە ھەممىدىن بىۋاستە تەسىر قىلىدىغان نەرسە يەنىلا گۈزەللىكتۇر. گۈزەللىك تەسەۋۋۇرغا دەرھال بىر خىل ئىچ-كى خۇشاللىق ۋە مەمنۇنىيەت سىڭدۈرىدۇ.

ئېدىسون

گۈزەللىكنى گۈزەل شەيئىلەردىن تېپىپ چىقىش گۈزەل-لىكنى كۆزىتىش تەربىيىسىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

شىللېر

ئەڭ چىرايلىق مايمۇنمۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا يەنىلا سەتتۇر.



ھېراكلىت

گۈزەللىكنى كۆزىتىشنىڭ لەززىتى ئومۇمەن نۇرغۇن ئىللەتلەر ئىچىدىن گۈزەللىكنى تېپىپ چىقالايدىغان ۋە نۇرغۇن گۈزەللىكلەر ئىچىدىن بىرەر ئىللەتنى تېپىپ چىقالايدىغان

سەزگۈر تۇيغۇدا.

ۋولتايىر

ھېسسىي ئادەمنى ئەقلىي ئادەمگە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۇنى ئالدى بىلەن گۈزەللىكنى كۆزىتەلەيدىغان ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

شىللېر

كۆز قۇياشتەك نۇرلۇق بولمىسا، قۇياشنى كۆرەلمەيدۇ؛ قەلبىمۇ شۇنداق، قەلب گۈزەل بولمىسا گۈزەللىكنى كۆرەلمەيدۇ.

پروتىن

ئۇستاز دېگەن شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار باشقىلار كۆرۈپ بولغان نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، باشقىلار دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەردىن گۈزەللىكنى بايقىيالايدۇ.

رودىن

گۈزەللىك ھەممە يەردە بولىدۇ. كۆزىمىزگە گۈزەللىك كەمچىلىك قىلمىۋاتقىنى يوق، بەلكى بايقاش كەملىك قىلمىۋاتىدۇ.



رودىن

جانلىق رېئاللىقتا گۈزەل شەيئىلەر ناھايىتى كۆپ، ياكى تېخىمۇ توغرىراق ئېيتقاندا، بارلىق گۈزەل شەيئىلەر جانلىق

رېئاللىقتىلا بولىدۇ.

بېلىنىسكىي

گۈزەللىك بىلەن چىنلىق ئەمەلىيەتتە بىر يەنى گۈزەللىك چىن بولۇشى شەرت.

گېگېل

ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك يەنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن رەزىللىك، ھەق بىلەن ناھەق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، ياخ- شىلىق بىلەن يامانلىق، ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە بىر - بىرىگە مەڭگۈ قارىمۇقارشى تۇرىدۇ. نەتىجىدە ئالدىنقىلىرى ھامان ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدۇ.

گومورو

گۈزەللىك بىر خىل ياخشىلىقتۇر، ئۇ ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

ئارىستوتېل

ھەقىقىي ياخشىلىقئا ھەممە كىشىنىڭ قەلبى تەلپۈنىدۇ، ھەرقانداق ئادەم ئۇنى ئۆزىنىڭ بارلىق ھەرىكىتىگە نىشان قىلىدۇ.

پلاتون

چىنلىق گۈزەللىكتۇر، ئۇنىڭ دۈشمىنى خۇنۇكلۇكتۇر.

پروتىن

گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئۆزىگە شەكىلنى ئاساس قىلىدۇ، شۇڭا كىشىلەر ياخشى نەرسىلەرنى گۈزەل دەپ مەدھىيىلەيدۇ.

توماس ئاكۇينا

چىنلىقلا گۈزەل بولىدۇ، چىنلىقلا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ ... ساختىپەزلىك مەڭگۇ تېتىقسىزدۇر، ئۇ ئادەمنى بىزار قىلىدۇ.

بۋالو

گۈزەللىكنىڭ ئالاھىدىلىكى ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاش ياكى ئادەمدە ھەۋەس ئوتىنى ياندۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنى پاكلاشتۇرۇش، ئالىيجانابلاشتۇرۇشتۇر ... ئەگەر گۈزەللىك ئىلاھى ۋۇجۇدنىڭ ياكى ئىلاھىيە مۇسىنىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈپ جىنسىي ھەۋەسنىڭ قوزغالسا، سەن گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىشقا يارىمىغان بولىسەن.

كۇسىن

بىز ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى گۈزەل دېيەلمەيمىز، لېكىن گۈزەل نەرسىلەر ھەقىقەتەن ئەقىلگە مۇۋاپىق

كېلىدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم.

گيوتى

كېرەكلىك دېگەن كېرەكلىك، گۈزەل دېگەن گۈزەل. ھەم كېرەكلىك، ھەم گۈزەل بولسىلا، ئاندىن ئالىيجاناب بولىدۇ.

ھيۇگو

چىنلىقتا قىزغىن مۇھەببەت باغلاڭ، چۈنكى سىز ئۇنى پەرق ئېتەلىسىڭىزلا، ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەنسىڭىزلا ئۇ گۈزەلدۇر.

ئىنگرېس

چىنلىقتىن مەھرۇم قالسىڭىز، گۈزەللىكتىنمۇ مەھرۇم قالغان بولىسىز.

بېلىنسكي

يولۇمنى يورۇتۇپ تۇرغان ھەمدە تۇرمۇش غايىسىگە خۇشاللىق بىلەن توغرا قارىشىمغا ئۈزلۈكسىز يېڭى غەيرەت بېرىپ تۇرغان نەرسە ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە چىنلىقتۇر.

ئېينىشتېين

گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق ۋە ئۆلچەملىك بولىدۇ، مۇۋاپىق ۋە ئۆلچەملىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چىن بولىدۇ، ھەم گۈزەل ھەم چىن نەرسىلەر ئۆز نۆۋىتىدە كۆڭۈللۈك

ۋە يېقىملىق بولىدۇ.

شافزبولې

ھاياتنى ئۇزارتىدىغان، شۇنداقلا مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن كۈچەيتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى نەرسىلەردۇر؛ ھاياتنى قىسقارتىدىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزىدىغان ۋە ئازاب سالىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يامان نەرسىلەردۇر.

جېك لوندون

چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىر تۇغقان پەزىلەتلەردۇر. ئالدىنقىسى ئىككى خىل پەزىلەتكە ئاسان ئىپرشكىلى بولمايدىغان يەنە بەزى ياخشى پەزىلەتلەر قوشۇلسا چىنلىقمۇ، ياخشىلىقمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ.

دىدىېرو

ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇكى، ئۇ ئۆزى كۆرگەن ياكى قىياس قىلغان شەيئىلەردىن ئەگەر بۇ شەيئىلەر سەت، غەلىتە بولغان بولسا، ئادەمنى زادىلا قانائەتلەندۈرەلمىگەن بولاتتى.



سېرۋانتېس

ئادەمنىڭ ھەممە نېمىسى — چىرايى، كىيىنىشى، قەلبى،

ئىدىيىسى گۈزەل بولۇشى لازىم.

چېخوف

ئادەمنىڭ گۈزەل، سۆيۈملۈك بولۇشى ئۇنىڭ چىرايىغا ئەمەس، ئالدى بىلەن مەنىۋى قىياپىتىگە باغلىق. ئالىي پەزىلەتلىك ئادەم مەڭگۈ ياش ۋە گۈزەل تۇرىدۇ.

فېڭ شۆفېڭ

جىسمانىي گۈزەللىك ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىرلەشمىسە، ھايۋانغا خاس نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

دېموكرىت

ھەيكەل ئوبدان كىيىندۈرۈلۈپ ياساپ قويۇلسا، ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، بىراق، ئىسىت! ئۇنىڭدا قەلب يوق ـ تە!

دېموكرىت

...گۈزەللىك جەھەتتە، چىرايىنىڭ گۈزەللىكى رەڭنىڭ گۈزەللىكىنى بېسىپ چۈشىدۇ؛ نازاكەتلىك ھەرىكەتنىڭ گۈزەللىكى چىرايىنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ.

بېكون

گۈزەل ئەخلاق گۆھەرگە ئوخشايدۇ، گۆھەر ئاددىي نەرسىلەرنىڭ يېنىدا تېخىمۇ كۆركەم كۆرۈنىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆزى پار ـ پۇر ياسانسىمۇ چوڭ سۆپەت يۇرىدىغان گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەمگە كىشىنىڭ ھۆرمەت قىلغۇسى كېلىدۇ.

بېكون

بەزى ياشانغان كىشىلەر ناھايىتى يېقىملىق كۆرۈنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىستىلى ئېسىل ۋە گۈزەل …ۋەھالەنكى، بەزى ياشلاردا گۈزەل جامال بولسىمۇ، ئېسىل ۋە گۈزەل ئەخلاق كەم بولغاچقا، ئۇلار مەدھىيىلەشكە ئەرزىمەيدۇ.

بېكون

بوينىڭ ئېگىزلىكى مەرتىۋىنىڭ يۇقىرىلىقىغا ئوخشاش ياخشى ئىش؛ لېكىن شۇ كىشىنىڭ روھىي دۇنياسى رەزىل بولسا، بوينىڭ ھېچقانداق كېرىكى يوق.

كرىلوف

ئىدىيىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى گەپ ـ سۆزنىڭ چىرايلىق بولۇشىغا باغلىق ئەمەس، ئۇ پەرداز بىلەن ئەمەس، مەزمۇنى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

شېكىسپىر

ئاددىي ـ ساددىلىق — گۈزەللىكنىڭ زۆرۈر شەرتى.

لېف تولستوي

سىلەر چىرايلىق ياشلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق پۇزۇر كىيد-
نىپ ئۆز گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى كۆرمىد-
دىڭلارمۇ؟ يېزا ئاياللىرىنىڭ ئاددىي - ساددا كىيىملەرنى كىيىپ
يۈرسىمۇ چىرايلىق كىيىنگەن ئاياللاردىن گۈزەل تۇرغىنىنى
كۆرمىدىڭلارمۇ؟

داۋىنچى

قابىلىيەت ۋە ئەخلاق گۆھەرگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئەڭ ياخشىسى
ئاددىي - ساددىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم.

بېكون

كىشىلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ئۇچىسىدىكى كىيىمگە ئوخ-
شايدۇ، كىيىم بەك تار ياكى پۇزۇر بولۇپ كەتسە بولمايدۇ، كەڭرەك
بولسا، خىزمەتكىمۇ، ھەرىكەت قىلىشقىمۇ قولايلىق بولىدۇ.

بېكون

پۇزۇر كىيىنىپ يۈرۈش بىر ئادەمنىڭ باي ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ، سىپايىلىك بىر ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما
ئادەمنىڭ ساغلام ۋە تىمەن ئىكەنلىكىنى باشقا بىر ئالامەت بىلەن
پەرق ئېتىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنى كۆچلۈك ئادەمنىڭ بەستىنى
ئارزۇلۇق بايۋەچچىنىڭ كىيىمى ئىچىدىن ئەمەس، ئەمگەكچىنىڭ

ماتا كىيىمى ئىچىدىن تاپقىلى بولىدۇ.

روسسو

ئاددىي ـ ساددىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈچۈن زۆرۈر شەرتتۇر، ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھەرقانداق زىبۇ زىننەتنى چەتكە قاقىدۇ.

بېلىنىسكىي

ھەقىقىي گۈزەللىك شۇنداق بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئۆزىدىن بىر خىل تېتىكلىك چىقىپ تۇرىدۇ. مودا قوغلىشىش بىر خىل يامان ئادەتتۇر، چۈنكى مودا قوغلاشقۇچىنىڭ جامالى بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

روسسو

گۈزەللىك ئادەمنىڭ روھىنى ئۆستۈرىدۇ، سەتلىك ئۆمۈرنى ئىزىدىن چىقىرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى



باينىڭ ئۆز بايلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن چاپان كىيىشى ئېيلاسىنىڭ يىپەك كىيىم كىيگىنىگە ئوخشاشتۇر. زوھەل يۇلتۇزى يۇقىرىقى پەلەكتە بولۇش بىلەن قۇياش بولالمايدۇ، دىۋە بېھىشنىڭ كىيىمىنى كىيىش بىلەن پەرى بولالمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كىمكى يۈكسەكلىك مەرتىۋىسىنى خالىسا، ئەگرىلىكتىن كېچىپ، توغرىلىقنى قانۇنغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئەلىشىر نەۋائى

توغرا كىشى مۇنارغا ئوخشىشىدۇ، ئەل ئۇنىڭ سايىسىدا يې-نىك نەپەس ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەگرى بولغىنىدا، پور ياغاچتەك بو-يىدىن كېسىلىپ، بەش ـ ئون كۈندە يەكسان بولغان بولار ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائى

شام ئۆزىنىڭ توغرىلىقىدىن خۇرسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۆيۈپ تۈگىگۈچە نۇر تارقىتىدۇ، چاقماقچۇ؟! ئۇمۇ يالقۇن چاچىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىتى ئەگرىلىك بولغىنى ئۈچۈن، بىر نەپەسلىك يورۇقلۇقتىن كېيىن ئۆچىدۇ. ئىنسان قەلبىدە توغرىلىق شامى يېنىشى، توغرىلىقنىڭ ماھىيىتىنى ئەنە شۇنداق مىساللار ئارقى-لىق ئېنىق ئىلغا قىلىش كېرەك.



ئەلىشىر نەۋائى

گەرچە گۈزەللىكنىڭ، زىبالىقنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بول-سىمۇ، لېكىن ھۆسن ـ جامالىڭدىن خۇشال بولۇپ مەغرۇرلانما.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەينەككە قاراپ قىلغان سۆزلىرىڭدىن پەخىرلىنىسەن لېكىن، بۇ سۆزلىرىڭ كۈلكىگە مۇناسىپ، ئەينىكىڭ شۇ بولسۇنكى، كۆپلىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىش نەتىجىسىدە دىلىڭنىڭ لەۋھەسىگە نۇر بەرگەيسەن.

ئەلىشىر نەۋائى

ئادەم ماھىيەتتە كۆرۈنۈشتىكى زىننەت، چىرايلىقلىقنى دېمەيدۇ. كىمكى زىبۇ زىننەتتىن پەخىرلەنسە، ئۇ ئادەم ئەمەس.

ئەلىشىر نەۋائى

تاشقى كۆرۈنۈش ۋە زىبۇزىننەت مەسخىرىلىكتىن بۆلەك نەرسە ئەمەس. ھېچكىمگە ئۇنداق تاشقى زىبۇزىننەتتىن پەخىرلىنىش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

پاكلىقنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن پاك بولۇش كېرەك. گۇناھلار ۋە رەسۋالىقلار بىلەن ۋەسلىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

بۈگۈنى گۈزەللىشىپ، ئەتىسى سەتلىشىپ كېتىدىغان گۈزەللىك گۈزەللىككە كىرمەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كىشىنىڭ غەرىزى ھەقىقىي گۈزەللىككە ئېرىشىش بولىدۇ. ـ كەن، ئۇ ھالدا ئەينەك ياكى سۇنىڭ بۇنىڭغا توسالغۇ بولۇشىغا ئورۇن يوق.

ئەلشىر نەۋائى

ئەگەر بىرەر كىشىنىڭ نىيىتى پاك بولىدىكەن. ئۇنىڭغا ساپدىل، ھەممەتلىك كىشىلەر يار ـ يۆلەك بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ نەپسى، سۆزى، كۆڭلى ۋە كۆزلىرىمۇ پاك بولسۇن.

ئەلشىر نەۋائى

گۈزەللەر ۋادىسىدا كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل قۇشى يوق. چۈنكى، بۇ جاڭگالنىڭ ئوۋچىلىرى كۆپ.

ئەلشىر نەۋائى

پەلەك گۈزىلىدىن پەخەس بول. ئۇ گاھىدا قاراڭغۇدەك چاچ ئۆرۈمى بىلەن، گاھىدا تاڭدەك ئاق رومىلى بىلەن سېنى دامىغا چۈشۈرىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى



روھىي دۇنيادا بىزنى ئەڭ زوقلاندۇرىغىنى — ئىنسان چىرايىدۇر.

گ. لىختېنبېرگ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىراي —قەلب ئەينىكىدۇر.

م. گوركىي

ئىنسان چىرايى ھەمىشە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پىكىر چىرايىدا ئەكس ئەتمەيدۇ دەپ ئويلاش خاتا.

ۋ. ھيۇگو

ئىنسان چىرايى ئۇنىڭ تىلىغا نىسبەتەن كۆپ ۋە قىزىقارلىق نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن. تىل پەقەت ئىنساننىڭ پىكرىنى بايان قىلسا، چىرايى — پىكىرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئا. شوپېنگائۇئېر

گۈزەللىك ھەقىقىي بەخت - سائادەت ۋە رەسمىي قەھرىمانلىق بولۇپ، ئۇ يۇقىرى مۇقاملىق سۆزلەرگە موھتاج ئەمەس.



ۋ. رائابې

گۈزەل چىراي ئۆزى توغرىسىدا ئۆزى سۆزلەيدۇ.

ف. بېكون

چىرايى ئوچۇق ئادەمنىڭ قەلبىمۇ ئوچۇق.

ف. شىللېر

گۈزەللىك —ھەممە يەردە ئارزۇلىنىدىغان مېھماندۇر.

ئى. گيوتى

ئەقىل ئۈچۈن ساغلام پىكىر لازىم بولغاندەك، بەدەنگە نەپىس-لىك كېرەك.

ف. لاروشفۇكو

مەنىۋى پەزىلەتلەر ھۆسنىنى ئاشۇرىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ زاماندا پەزىلەتسىز گۈزەللىك قەلب ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت كۆز ئۈچۈن كېرەك.

ۋ. گ. بېلىنسكىي



گۈزەللىك بىر قىسىم پەزىلەت ۋە بەلگىلەردىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي تاشقى قىياپەتتە ۋە ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى قايسى دەرىجىدە ئەكس ئېتىشتە.

ن. ئا. دوبروليوبوف

ئىچكى گۈزەللىك بىلەن يۇغۇرۇلمىغان ھەرقانداق تاشقى

ھۆسن مۇكەممەل بولالمايدۇ.

ۋ. ھيۇگو

ئەقىلسىز ھۆسن گۈزەل ئەمەس.

ئە. ل. گولې

تاشقى گۈزەللىك ئۆزىنىڭ پىنھانىي ئىچكى ئالىمى بىلەن تېخىمۇ قىممەتلىكتۇر. كىتابنىڭ تېشى ئالتۇن ھەللىك بولۇپلا قالماي، ئىچىدىكى مەزمۇنىمۇ ئالتۇنغا تەڭ بولسا، ئۇ تېخىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

ۋ. شېكىسپېر

تاشقى جەھەتتىكى پاكلىق ۋە كۆركەملىك، ئىچكى پاكلىق ۋە كۆركەملىكنىڭ ئىپادىسى بولۇشى كېرەك.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

كەمتەرلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان گۈزەللىكىنىلا گۈزەللىك دەپ ئاتاشقا تېگىشلىك. كەمتەر بولمىغان گۈزەللىك گۈزەللىك ئەمەس. مۇنداقلا بىر يارىشىملىقتۇر.

م. سېرۋانتېس

گۈزەل، كېلىشكەن قەددى ـ قامەتلىك، كۆركەم قىياپەتلىك،

خۇش ئاۋازلىق ئادەمنىڭ ئىشى ئوڭ كېلىشى مۇمكىن. لېكىن، گۈزەللىككە تولىمۇ ئارتۇق باھا بېرىۋېتىش قاملاشمايدۇ. باشقىچە پەزىلەتلەر بولمىسا، گۈزەللىكنىڭ ئۆزى زىيان ئۇرۇشىمۇ مۇمكىن.

يا. كورچاك

گۈزەللىك —مەنمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

ت. فونتانې

تولىمۇ گۈزەللىك، ئەڭ دىلبەر تاشقى قىياپەتمۇ ئەگەر ھېچكىم شەيدا بولمىسا، ئۇ بىر تىيىن.

ئو. بالزاك

ھۆسن ـ جامالى گۈزەل ئادەملەر كۆپ، بىراق ئىچكى دۇنيا۔ سىنىڭ ماختىغۇچىلىكى يوق.

ف. كوپېر

بىمەنە گۈزەللىك گۈزەللىك ئەمەس، پەمى يوق ساھىبجامالغا قارا: يۈزىدىكى ھەربىر بەلگە، ھىجىيىش، قاراشلىرىغا سەپسېلىپ قارىساڭ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى بارا ـ بارا ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى بىمەنىلىككە ئايلىنىدۇ.

ئى. ئا. گونچاروف

گۈزەللىك شەبنەمدەك ئۆتكۈنچىدۇر.

ى. شۋاپ

دۇنيادا پەقەت ياسىنىشنىلا بىلىدىغان خوتۇنلارنىڭ ھاياتىدىنمۇ قايغۇلۇقراق ھايات يوق.

ب. فونتېنېل

گۈزەللىك —بۇ قىسقا مۇددەت ھاكىملىق قىلىدىغان قۇراللىق كۈچ.

سوقرات

گۈزەللىككە باشقا ياخشى پەزىلەتلەرنى قوشۇشقا تىرىشىڭ.

ئىزوپ

مەن ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشقا موھتاج بولمىغان، ئۆزىدە قەلب پەزىلەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان گۈزەللىكنى ئەۋزەل كۆرىمەن.

ر. تاگور

بەدەن گۈزەللىكى ھەقىقىي ئاشىقلارنى شەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۇلارنى ئۆمۈر بويى مەپتۇن قىلىش ئۈچۈن بولسا، قەلب

گۈزەللىكى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ك. كولتون

ئاياللاردا گۈزەل بولۇش ئۈچۈن بىرلا ئىمكانىيەت مەۋجۇت. لېكىن مەپتۇن قىلغۇچى بولۇشنىڭ مىڭ خىل ئىمكانىيىتى بار.

ش. مونتىسكيې

گۈزەللىكتىن ساخاۋەتلىك بولۇش ياخشىراقتۇر.

ھ. ھېينىې

ياخشى نام — گۈزەل چىرايدىن ئەۋزەلرەكتۇر.

ت. فوللېر

قەلب گۈزەللىكى ھەتتا سەت بەدەنگىمۇ كۆركەملىك بەخش ئېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، قەلب بىمەنىلىكى ئەڭ ئاجايىپ قىيا-پەتكە ۋە بەدەننىڭ ئەڭ دىلبەر ئەزالىرىغىمۇ قانداقتۇر ئالاھىدە داغ چۈشۈرىدۇكى، ئۇلار بىزدە تاسادىپىي يىرگىنىش ئويغىتىدۇ.



گ. لېيبنىتس

ئەقىللىقلىق ھۆسن ئورنىنى بېسىشى مۇمكىن.

ستېندال

جەلىپ قىلغۇچى كۈچ چىرايىغا قارىغاندا، كۆپىنچە ئەقىللىگە مۇجەسسەملەشكەن. چۈنكى، چىراي ھۆسنى كۆزگە ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ كۈتۈلمىگەن سىر ـ ئەسرارى يوق. بىراق ئەقىل ئادەمنىڭ تەلپىگە قاراپ، ئۇ خالىغان مىقداردا ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىپ بارىدۇ.

ش. مونتېسكۇ

كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان پەزىلەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەم گەرچە كۆرۈمسىز بولسىمۇ، سەت ھېسابلانمايدۇ. كۆرۈمسىزلىكمۇ ئەسلىي بار نەرسە، ئەمما ئۇ دىققەتكە سازاۋەر ئەمەس.

ج. لابرىيوبېر

گۈزەللىك —بۇ ئەركىن قەلب ۋە مۇستەھكەم ساغلاملىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

شېفېر



ياخشى خۇلق چىرايىنىڭ گۈزەللىكىگە قارىغاندا مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەلدۇر. ياخشى خۇلق سىزنى مەپتۇن قىلسا، ھۆسن پەقەت دىققەتنى تارتىدۇ.

ئا. لامارتىن

مەپتۇن قىلىش — ھەرىكەتتىكى گۈزەللىكتۇر.

گ. لېسسىڭ

جۇلالىنىپ يېنىپ تۇرغان ياشلىق ھۆسنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇپا ـ ئەڭلىك بىلەن پەردازلىنىشۋەرسە غازاڭ بولىدۇ.

لېئوناردو داۋىنچى

گۈزەللىك ئارتۇقچە ھەشەمگە زار ئەمەس، ئاددىيلىق ئۇنىڭغا تولىمۇ يارىشىدۇ.

ئى. گېردېر

بىز ئارتۇقچە ھەشەمەتسىز بولغاچقا گۈزەلمىز.

گ. لېسسىڭ

تاشقى قىياپەتنى بېزىمەستىن ئىچكى ئالەمنى بېزەش كېرەك.

فالېس



مەدەنىيەت ۋە تاشقى جۇلا — پۈتۈنلەي باشقا ـ باشقا نەرسىدۇر.

ر. ئېمېرسون

www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتكە لايىق باشقا ھەممىشە گۈزەل قالپاق كىيىۋەرمەيدۇ.

ت. فوللېر

پەيلىرى چىرايلىق تۇتىقۇشتىن باشقا يەنە قانداق چىرايلىق نادان بولۇشى مۇمكىن؟

يا. كومېنسكىي

كىيىنىشتە نوچىلىق قىلماستىن، نەپىس بولۇشقا ھەرىكەت قىلىش. ئەدەپ كۆركەملىكىنىڭ، ئىسراپخورلۇق «نوچىلىق» نىڭ بەلگىسىدۇر.

سوقرات

ئىنسانىيەت ھاياتىدا تاشقى كۆرۈنۈش چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىپلاس ۋە مەينەت ئادەم ئۆز ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆركەم قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

ئا. س. ماكارېنكو



ئەھمىيىتى جەھەتتىن، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي، پەلەمپەي، دۇكانلار ئىستىلىستىكىسى، ئەدەپ ئىستىلىستىكىسىدىن زەررىچىمۇ كەم ئەمەس.

ئا. س. ماكارېنكو

گۈزەللىك ـ جەلپكار ئىقتىدار. ئەمما، قەلب گۈزەللىكىسىز ھۆسىن ـ جامال گۈزەللىكى ھەم قىسقا، ھەم مۇكەممەل بولمىغان ھەم بىر قاتار مۇرەككەپلىكلەرگە تۇتىشىدىغان بايلىقتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«گۈزەللىك» —ئىنسان تولىمۇ مەپتۇن بولىدىغان شەيئى. ئىنسان ئۆز تەسەۋۋۇرىدا، خىيال ـ ئارزۇسىدا، رېئال تۇرمۇشىدا ئۆزىنى جەلپ قىلىدىغان ھەر قانداق ئىبارىگە نىسبەتەن «گۈزەللىك» ئىبارىسىگە تولىمۇ ھېرىسمەن ۋە مەھلىيا.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

«گۈزەللىك» —ئىنسان كامالىتى ۋە بەخت ـ سائادىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە شەرتى. گۈزەللىكسىز ئىنساني كامالەتنى ۋە بەخت ـ سائادەتنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



«گۈزەللىك» ـ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جازىبىكار مەلىكىسى، ئىنسان روھىيىتىدىكى جىلۋىلىك يۇلتۇز.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

«گۈزەللىك» شەيئى ۋە ھادىسە سۈپىتىدە ماددىي دۇنيا ۋە

مەنىۋى دۇنيادىكى تولىمۇ زوقلىنارلىق بىر دائىرىنى ھاسىل قىلغان، ئۇ رېئاللىقتىكى ۋە مۇمكىنلىكتىكى مۇھىم بىر ساھە. گۈزەللىك —چەكسىز، رەڭگارەڭ، باي دۇنيادىن ئىبارەت. گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش بىلەن گۈزەللىكنى چۈشىنىش، گۈزەللىكنىڭ ماھىيەتلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئىلمىي ئاساستا ئىگىلەش بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئالدىنقىسى ھېسسىي خاھىش بولسا، كېيىنكىسى ئەقلىي، نەزەرىيىۋى، ئىلمىي بىلىشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تارىخ تەكرار ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانىيەتنىڭ كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشى —ئىلمىي ھەقىقەتكە، مۇستەقىللىققا، مەنىۋى ئەركىن ـ ئازادلىككا، ئىزگۈ ئەخلاقىي پەزىلەتكە، ھەقىقىي گۈزەللىككە قاراپ ئۈزلۈكسىز يۈزلىنىشى بولۇپ، بۇ ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



گۈزەللىكنى ئىنكار قىلىش، ئىنساننىڭ گۈزەللىكنى سېزىش ۋە گۈزەللىككە بولغان ھەۋەس ھەم ئىنتىلىشلىرىنى چەكلەش، گۈزەل شەيئىلەرنى نابۇت قىلىش بارلىق چىرىگەن

ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئىنسانىيەت ۋە تەرەققىياتقا قارشى جىنايى تەبىئىتى. ئەكسى ھالدا، گۈزەللىكنى جازىبىلەش-تۈرۈش، ئىنساننىڭ ئېستېتىك ھوقۇقى ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرىگە مەدەت بېرىشى، گۈزەل شەيئىلەرنى ئاسراش بارلىق ئىلغار، ئىنقىلابىي ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئىنسانپەرۋەر، تەرەق-قىيپەرۋەر ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا كىشىلەرگە قا-رىتىلغان تەربىيە ھەمىشە ئەقلىي تەربىيە، ئەخلاقىي تەربىيە، گۈ-زەللىك تەربىيىسىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن تەربىيە سىستېمىسىنى تەشكىل قىلغان. ئۇ گۈزەللىك قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈش يولىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور كۈرەشنىڭ مۇھىم تەركىبىنى ھاسىل قىلغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



گۈزەللىك ئىنسان ئېڭى تەرىپىدىن پۈتكۈل مۇرەككەپ تەبى-ئەت كۈچلىرى ۋە ئىنساننىڭ پەۋقۇلئاددە پائالىيىتى ئارقىلىق بىلىنىدۇ. ئىنسان گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرىنى مەلۇم سەزگۈ ئەزاسىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى بارلىق سەزگۈ

ئەزالىرى ۋە بىر پۈتۈن تەپەككۇر ئەزالىرىغا يۆلىنىپ چۈشىنىۋا-لىدۇ. گۈزەللىك ھەققىدىكى ئۇقۇم ئىنساننىڭ رېئاللىقنى بىلىشتە ئېرىشكەن پۈتكۈل ئۇقۇملىرىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تەبىئەتتىكى گۈزەللىك تەبىئەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئالا-مىتىدىن ئىبارەت. تەبىئەت گۈزەللىكى مەۋجۇت ۋە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەسلىي گۈزەللىك كاتېگورىيىسىنى تۇرغۇزۇش ئوبيېكتىپ گۈزەللىكنى كاتېگورىيىلىك ئۇقۇم جەھەتتە ئومۇملاشتۇرۇشقا، ئەسلىي گۈزەللىكتىكى گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىقتىكى گۈزەللىك قاتلاملىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە پايدىلىق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەسلىي گۈزەللىك — ئىنساننىڭ ئېستېتىك سەزگۈسى ۋە ئېستېتىكىلىق چۈشەنچىلىرىنىڭ رېئال ئوبيېكت ئاساسى بولغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇت گۈزەللىك بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ماددىي شەيئىلەر ۋە ماددىي ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىك ئالامەتلىرىدىن ئىبارەت. مۇنداق گۈزەللىك بىرىنچىدىن ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ماددىي مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈزۈلمىلىك، ھەرىكەتلىك، جەريانلىق تۈپ ئالامەتلىرىنىڭ گۈزەللىك سۈپەتلىرىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىدىن، ئۇ بىزنىڭ ئېستېتىك سەزگۇ ۋە ئېستېتىك چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ رېئال ئوبيېكتىپ ئاساسى، مەنبەسى، مەزمۇنىنى كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

گۈزەللىكنىڭ مەڭگۈلۈك كۈلكىسىدە تەبىئەتنىڭ نىسبەتلىك مۇزىكىسى تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. قايغۇ مۇشۇ كۈلكىنىڭ ۋەھىمىسى!

ئا. مۇھەممەتئىمىن:«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

گۈلگە مەپتۇن بولساڭ، ئۇنى ئۆز پايىسىدىن جۇدا قىلما.
گۈزەللىككە مەپتۇن بولساڭ، ئۇنىڭ ئىختىراچىلىرىنى ئاسرا.
ئا. مۇھەممەتئىمىن:«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

گۈزەللىكنىڭ تەمەنناسىز تەبىئەتنىڭ تېپىلغۇسىز ئىنئامى. ئۇنىڭ قوغدايدىغىنى مۇھەببەت بىلەن رەشك. مۇھەببىتىم تۈپەيلى سېنى ئۇلۇغلايمەن. ئۇلار رەشكلىرى تۈپەيلى ھەسەت ۋە ئىغۋا تو-قۇشىدۇ. بۇلبۇللىرىڭنىڭ مەدھىيىسى بىلەن بىھوش بولما. ھۇۋ-قۇشلىرىڭنىڭ پىتنىسى بىلەن ھالىڭدىن كەتمىگىن. يۈكسەكلىك راۋىقىغا چىقىپ ئالەمنى كۆزەت. ئۇنىڭسىز گۈزەللىكنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ھاقارەتلەنمىگىنى يوق!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

گۈزەلىم، پەرىشتىدەك گۈزەللىكىڭگە تەمەننا قىلمىغىن. بىقارار گۈزەللىك سېنىڭ ھۆسنۈڭدە جىلۋىلىنىپ مېنى ئالدىغىنىدەك، مېنىڭ جىسمىمغا شولا سىلىپمۇ سېنى ئالدايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ۋاقىت زومىگىرى سېنىڭ ھۆسنۈڭدىكى گۈزەللىك خەزىنىسىگە چاڭ سالىدۇ. ھەسرەت زىمىستانى قۇندۇز چېچىڭغا قىراۋ تاشلايدۇ. ھەۋەس كۆزلىرى خېرىدارلىق زوقىنى بىۋاپالىق بىلەن گۈگۈمدىن تاڭغا يۆتكەيدۇ.

ھۆسن گۈزەللىكى بىقارار چېچەك.

ھۆسن گۈزەللىكى ھەسرەتلىك پاجىئە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

كۆزۈڭنى سېھىر بىلەن قاماشتۇرۇپ تۇرغان نەرسە ئېگىز قىيا ئۈستىدىكى گۈزەللىك راۋىقى.

گۈزەللىك سېنى سېھىر بىلەن مەپتۇن قىلامدۇ ياكى سەن گۈزەللىكنى سېھىر بىلەن كۆزىتەمسەن؟ بۇ باغرىڭنىڭ ھەسبى ھالىغا باغلىق...

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

گۈزەللىكتە ۋايىغا يەتكەن گۈزەلنىڭ زىبۇ زىننەتكە مايىل بولىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن:«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

گۈزەللىك چۆرىسىدە ھىيلە ـ مىكىر بۇلۇتلىرى خۇددى ئاي چۆرىسىدىكى تۇتەك قوتاندەك ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئۇنى خىرەلەشتۈرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ماڭا پەرىدوننىڭ بايلىقى، جەمشىتنىڭ ئەيش ـ ئىشرىتى، كىلىئوپاتىرانىڭ گۈزەللىكى، خادىنتاينىڭ خەير ـ ساخاۋىتى كېرەك ئەمەس.

ماڭا كېرىكى سېنىڭ قەلبىڭ. ئۇ يەر بىلەن كۆك ئارىسىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن



يۈكسەكلىك بىلەن قوشۇلغان قەلب گۈزەللىكى بولمىسا، تەڭرى ئاتا قىلغان ھۆسن زىبالىقىڭ خاقان ۋە ئالدامچىلار قولىدىكى ئويۇنچۇق ئەرمىكى!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ئەسلىي گۈزەللىك ـ گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپلىقى، ئەڭ

ئالدى بىلەن ماددىيلىقى، كونكرېتلىقى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەسلىي گۈزەللىك ماددا تاكامۇللىشىشى ۋە تەبىئەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىقتىدارلىق قۇرۇلمىلىق سەمەرىسى بولغان ئىنسان مېڭىسى، ئىنسان تۇزۇلۇشى، ئىنساننىڭ روھىي ۋە ئېستېتىكىلىق پائالىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ بىرلەمچى ياكى كومپلېكسلەشكەن ئىپادىلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بولغانلىقى بىلەن ئۇ يەنىلا ئىنساننىڭ سۇبيېكتى، ئىرادىسى، ئېستېتىك باھاسىغا باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ خاراكتېرىنى ساقلاپ ئىنساننىڭ ئېستېتىك سەزگۈسى، ئېستېتىك باھاسىغا ئاساس سالىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەسلىي گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىك باھادىكى گۈزەللىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنسان سۇبيېكتىدە ئىنكاس قىلىنغان ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك سەزگۈسى، گۈزەللىك مۇھاكىمىسى بىلەن ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە مەزمۇن ئاساسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن، بىرلەمچى كاتېگورىيىسىدىكى گۈزەللىك بىلەن ئىككىلەمچى كاتېگورىيەسىدىكى گۈزەللىك ئۇقۇملىرىنى تەشكىل قىلغان ئوبيېكتىپتىكى ۋە سۇبيېكتىپتىكى گۈزەللىك ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت. روشەنكى، باھا — ئىنساننىڭ ئاڭلىق پائالىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى



www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بىلىش، ئىنكاس قىلىش، ئىپادىلەش خاراكتېرىگە مەنسۇپ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

گۈزەللىك قانۇنىيىتى ئىنساننىڭ تەبىئەت بىلەن رېئاللىق بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىدىكى بىلىش ئاساسى ۋە قايتا تەسىر كۆرسىتىش ئاساسىدىن ئىبارەت. گۈزەللىك قانۇنىيىتى ئەسلىي گۈزەللىكنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەسلىي گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئوبيېكت خاراكتېرگە ئىگە بولغان قانۇنىيەت بولۇپ، ئۇنى باشقىچە ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى ئىقتىدارى تۈپەيلى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئىككى خىل گۈزەللىك ھادىسىلىرىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئەسلىي گۈزەللىك ۋە ئېستېتىكىلىقتىن ئىبارەت.
گۈزەللىكتىكى مەزمۇن بىلەن شەكىل بىر پۈتۈن ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى گۈزەللىكنىڭ بىر پۈتۈن ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى بىلىش كاتېگورىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئاساسىي بىر پۈتۈن ماھىيەتلىك ئوبيېكتىپ رېئال گۈزەللىكتىن ئىبارەت.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



گۈزەللىكتىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى گۈزەل-

لىكنىڭ پۈتۈن قاتلاملىرىغا، بۇ قاتلاملاردىكى قۇرۇلمىلىق ۋە تەرەققىيات جەريانلىرىغا سىڭگەن، ئۇنىڭدىن ئومۇملاشتۇرۇلغان بولۇپ، گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنىڭ يەنە بىر جەھەتلىك ئىزاھاتىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

گۈزەللىك ھادىسىلىرى يالغۇز شەكىل ھادىسىلىرى بولماستىن، گۈزەللىكتە مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشكەن بولىدۇ. ھەر خىل شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر گۈزەللىكنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا ئۆز قاتلىمىغا ئائىت گۈزەللىكنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىنى بىرلەشتۈرگەن بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

گۈزەللىكتە شەكىلنىڭ ئالاھىدە ئورنىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. گۈزەللىك روشەن كۆرۈنۈش ۋە روشەن ئاڭلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، مۇنداق كۆرۈنۈشلۈك ۋە ئاڭلىنىشلىق ئالامەتلەر گۈزەللىكنىڭ شەكلى ھالەت، رەڭدارلىق ۋە تاۋۇش - ئاۋازدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي ماددىي مەۋجۇتلۇق ھالىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ خىل ماددىي مەۋجۇتلۇق ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەردىن تاشقىرى يەنە بىر قاتار فىزىكىلىق، مېخانىكىلىق، خىمىيىلىك، بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



www.uyghurkitap.com

ئەسلىي گۈزەللىك ئىنساننىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىغا بې-قىنمىغان، ئەكسى ھالدا مۇنداق ئېستېتىك قاراشنى ئۆزىگە بې-قىندۇرۇپ، مۇنداق ئېستېتىكىلىقتىقا سەۋەب، ئاساس، ئوبيېكت مەزمۇن بولغان گۈزەللىكتىن ئىبارەت. ئەسلىي گۈزەللىك بىر قەدەر ئومۇملاشقان گۈزەللىك كاتېگورىيىسى بولۇپ، ئۇ كونكرېت ۋە تۇر ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئوبيېكتىپ گۈزەللىكنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئەسلىي گۈزەللىكنىڭ ئاساسىي ھالەتلىرى ئۇنىڭ رېئال دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ نىگىزىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەسلىدىكى تەبىئەت گۈزەللىكى، ئىنسانغا ھەمىشە ئەسلىي گۈزەللىكتىن بەھرىمەنلىك بېغىشلايدىغان تەبىئىي گۈزەللىك شەيئى ۋە ھادىسىلىرى ئەسلىي گۈزەللىكنىڭ ئاساسلىق مەۋجۇتلۇق شەكلىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان، دۇنياۋى تارىخىي پائالىيەتنىڭ ئاقىۋىتى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك باھاسى ۋە بەدىئىي ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغان ئوب-يېكتىپ خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي گۈزەللىكمۇ ئەسلىي گۈزەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىكنىڭ يەنە بىر خىل مەۋجۇتلۇق ھالىتى ۋە قاتلىمى ھېسابلى-
نىشى كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىنسانىيەت تەبىئەتتىكى گۈزەللىككە قانائەتلەنمىگەنلىكى
ئۈچۈن سەنئەت گۈزەللىكى بىلەن شۇغۇللانغان بولماستىن، بەلكى
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەدرىجىي راۋاجلىنىشى، ماددىي ۋە مە-
نىۋى تەقەززاسى بىلەن سەنئەت گۈزەللىكى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپلىقى گۈزەللىكنىڭ بىرلەمچىلى-
كى بولۇپ، ئېستېتىكىلىق ئۇچۇن ئاساس بەلگىلىسە، گۈزەللىك-
نىڭ سۇبيېكتىپلىقى گۈزەللىكنىڭ ئىككىلەمچىلىكى بولۇپ، ئۇ
ئېستېتىكىلىق باھا ئارقىلىق گۈزەللىكنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەسلىي گۈزەللىك ئالەمنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيەتلىرىنىڭ
تۈزۈلمىلىك ۋە ئىپادىلىك شەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە زېرى-
لەردىن تاكى قۇياش قۇرۇلمىسى، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار قۇرۇلمى-
سى، ئىنسان بەدىنىنىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىقلاردا، ھەر قايسى ئاي-
رىم ئامىللار ئارىسىدىكى ۋە بۇ ئامىللار بىلەن پۈتكۈل مۇھىت ئا-

رىسىدىكى كىشىنى ھەيران قىلغۇدەك تولىمۇ نەپىس ماسلىشىش-چانلىقتا مەڭگۈ ئۆزىنى نامايانده قىلىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

گەرچە ھەممە مىللەتلەرنىڭ گۈزەللىك ئۆلچەملىرى توغرى-سىدىكى ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىدا غايەت زور ئوخشاشلىق ۋە بىردەكلىك بولسىمۇ، ئۇلاردا يەنىلا ئۆز تارىخىي دەۋرىگە يارىشا بىر قاتار مىللىيلىك ئالامەتلىرى بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تەبىئەت گۈزەللىكى بۇزغۇنچىلىقا ئۇچراشتىن قورقمايدۇ. كىشىلەرمۇ گۈزەللىكنىڭ ۋاقىت ۋە ھادىسە تۈپەيلى خازان بولۇ-شىدىن قورقمايدۇ، كائىنات ھەقىقىي مەنىسى بىلەن گۈزەللىكنىڭ مەڭگۈلۈك ۋە تەكرار بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىغان چەكسىز خەزىنىسىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



ئىنساننىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتى ئىنساننىڭ گۈزەللىككە بولغان مۇناسىۋىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەسلىي تەبىئەت گۈزەللىكلىرىدە ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىت گۈزەللىكىگە ئايلانغان تەبىئەت گۈزەللىكلىرىدە كىشىلەرنىڭ زوقلىنىشىنى قوزغايدىغان، ھەتتا كىشىلەردە بىر قاتار ئېستېتىك تەسەۋۋۇر قوزغىتىدىغان گۈزەللىك قىممىتى بولىدۇ. بۇ گۈزەللىكنىڭ ئەسلىدىكى مەۋجۇتلۇق قىممىتىدىن تاشقىرى ئۇنىڭدا گۈزەللىكنىڭ ئىنسان سۇبيېكتىگە بولغان ئېستېتىك قىممىتى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېستېتىك قىممەت ئەسلىدىكى مەۋجۇتلۇق قىممىتىنىڭ ئىنساننىڭ ئېستېتىك سەزگۈسى ۋە ئېستېتىك ئېڭىدىكى ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇنداق ئېستېتىك قىممەتسىز ئېستېتىك سەزگۇ ۋە ئېستېتىك ئاڭنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىجتىمائىي ئىنساننىڭ گۈزەللىكنى بىلىشى ئېستېتىك پائالىيەت ۋە ئېستېتىك ئىجادىيەتنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنى گۈزەللەشتۈرۈش پاراۋانلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەت بىلەن باغلانغان بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت گۈزەللىكى — گۈزەللىكنىڭ سەنئەتلەشتۈرۈلگەن

ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت تۇسنى ئالغان پائالىيەتچان شەكلى بولۇپ، ئۇ كەڭ مەنىدە بارلىق ماددىي مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى بەدىئىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ سەنئەت گۈزەللىكى خاس مەنىدە ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىدا گەۋدىلەنگەن بەدىئىي گۈزەللىك-نىڭ ماھىيەتلىرى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرى، ئىجادىيەت پرىن-سىپلىرى، سەنئەت ئىجادىيىتى (باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا سەنئەت شەكلىدىكى گۈزەللىكنى بەرپا قىلىشنىڭ جەريانلىرى) بەدىئىي ئەسەردىن ئېستېتىك زوقلىنىشقا دائىر ئۆلچەملەر، سەنئەتچىنىڭ سەنئەت گۈزەللىكى ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىستېداتى قاتارلىقلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

گۈزەللىك تەربىيىسى يالغۇز گۈزەللىك توغرىسىدىكى نەزە-رىيەۋى تەربىيە، ئېستېتىك روھىيەت توغرىسىدا بىلىم خاراك-تېرلىك تەربىيە ياكى قەلبى گۈزەللىك توغرىسىدىكى دىداكتىك ياكى ھېسسىيات تەربىيىسى بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئۇ چوڭ بىر قۇرۇلما. ئۇ ئۆز ئىچىگە شەخسنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەنىۋى قىياپىتى ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە گەۋدىلەنگەن گۈزەللىك، ئېستېتىكىلىق ۋە سەنئەتكە ئائىت تەر-

www.uyghurkitap.com

بىيە قائىدىلىرى ۋە ئادەت مەشغۇلاتلىرى، تەسىر كۆرسىتىش ئۇ-سۇل ۋە يوللىرىنى ئالىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

گۈزەللىك تەربىيىسى كىشىلەرگە ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى ھېس قىلىش، ئۆزىنى ئاڭلىق تەربىيىلەش تەسىرى، ئاڭلىقلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى بەخش ئەتكەندە ئەڭ تېز ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك تۈسكە كىرىدۇ. بۇ ھەر كىمنىڭ گۈزەللىك تەربىيىسى، سەنئەت تەربىيىسى، ئەخلاقىي تەربىيىگە داخىل بولۇشىدا: جۈملىدىن سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۆزىگە، جەمئىيەتكە باغلاپ چۈشىنىشىدە: ئۆزىنى داۋاملىق مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغان قىلىپ كۆندۈ-رۈشتە گەۋدىلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىنساننىڭ تاشقى شەكىل گۈزەللىكى ۋە ئىچكى قەلب گۈ-زەللىكى ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئىككى مۇھىم تەرىپىنى ھاسىل قىلغان. بۇ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلغان ئىنساننىڭ تەبىئىي ۋە مەنىۋى گۈزەللىكىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تاشقى شەكىل گۈزەللىكى ئومۇمەن جىسمانىي تۈزۈلمە جە-
ھەتتىكى قەددى ـ قامەت گۈزەللىكى ۋە جىسمانىي ھەرىكەتلىنىش
جەھەتتىكى تۈرقى ھالەت گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي
گۈزەللىكنى، ئۇنىڭغا قوشۇمچە بولىدىغان كىيىنىش، تارىنىش،
پەرداز قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تىرەنمە گۈزەللىكنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ تاشقى شەكىل گۈزەللىكىدىكى
ئوخشىمىغان قاتلامدىكى گۈزەللىك بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەبى-
ئىي ۋە ئىجتىمائىي، ئىرسىي ۋە ئېرىشىلمە قاتلاملار ئاساسىدا
مەيدانغا كېلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تاشقى شەكىل گۈزەللىكى ئىنسان ئىزدىنىدىغان ۋە ئىنسان
زوقلىنىدىغان، قۇرۇلمىلىق ماكان خاراكتېرىگە، پائالىيەتچان زا-
مان رىتىمدارلىقىغا، گارمونىك شەكىل گۈزەللىكى ئامىللىرىغا
ئىگە بولغان گۈزەللىك.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

قەددى ـ قامەت گۈزەللىكى ۋە ھۆسن ـ جامال گۈزەللىكى
جىسمانىي گۈزەللىكنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

جىسمانىي گۈزەللىكنىڭ ئۆلچەملىرى توغرىسىدا ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى قاراشلىرىدا كۆرۈنەرلىك پەرقلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى بىر ئورتاقلىق بەدەننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ساغلاملىقىدىن ئىبارەت. بۇ ئىچكى بەدەن ئەزالىرى ۋە ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پائالىيىتىنىڭ، تاشقى بەدەن ئەزالىرى ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ نورماللىقى، ساغلاملىقىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ مۇھىم ھەل قىلغۇچ ماددىي ھاياتىي شەرت، بۇنىڭسىز قەددى - قامەتنىڭ ئىسكەتلىك، ھۆسن - جامالنىڭ چىرايلىق، تۇرقى ھالەتنىڭ يارىشىملىق بولۇشىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىنسان گۈزەللىكىدىن ئىبارەت بۇ يۇقىرى قاتلامنىڭ ئۆزگە بولغان بارلىق ماددىي ۋە ئاناتومىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك شەرتلەرگە تايىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



قەددى - قامەت گۈزەللىكى — سۆڭەكلەر، مۇسكۇللار ۋە تېرىلەردىن ئىبارەت ئۈچ قاتلاملىق جىسمانىي تۈزۈلمىنىڭ نورمال ۋە ئۆلگىلىك بولۇشىنى نەزەردە تۇتىدۇ. سۆڭەك بىلەن مۇسكۇلنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئىسكەتلىكى قەددى - قامەت گۈزەللىكىنىڭ ئۇلى، تېرە گۈزەللىكى - ھۆسن — جامال

گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم شەرتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

جىسمانىي تاشقى گۈزەللىك پەقەت ياشلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگىلا مەنسۇپ دەيدىغان قاراش بىر تەرەپلىمە ۋە ئۇمىدسىز قاراش. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، ئادەمنىڭ يېشى كالېندار يېشى، فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتتىكى قېرىش سۈرئىتى يېشى، روھىيەت يېشى، جۇملىدىن خىزمەت يېشى ۋە ئىجادىيەت يېشى جەھەتلەردىن پۈتۈنلەي بىر سىزىقتا، پۈتۈنلەي كالېندار يېشىغا مۇتلەق بېقىنغان بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەينەك ئالدىدىكى تۆت ئىش گۈزەللىكنى ياراتمايدۇ، بەلكى تەبىئىي، ساددا، ئەينى گۈزەللىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، خۇنۇكلۇكلەرنى يوپۇتۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ھەشەمەتلىك قوغلىشىپ، يۈز، چاچ، بويۇن قاتارلىق گۈزەللىك رايونلىرىنى زىبۇ زىننەت ئىچىگە بېكىتىپ قويۇش نادانلىقتۇر.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

خۇلقى ـ مىجەز گۈزەللىكى ھېسسىيات گۈزەللىكىگە تۇتاشقان بولۇپ، ئۇ تولىراق تاشقى گۈزەللىك بىلەن بىللە

ئىپادىلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

خۇلقى ـ مىجەز گۈزەللىكى ئىنساننىڭ باشقىلار بىلەن مۇ-ناسىۋەتلەشكەندە چاقنايدىغان خۇلقى ـ ئېتىبار تۈرى ۋە گۈزەللىك يالقۇنىدۇر. ئۇ ئىنساننىڭ قەلبىدىن چاچراپ چىقىپ تاشقى قىيا-پىتىدە ئىپادىلىنىدىغان مەنىۋى گۈزەللىك. خۇلقى ـ مىجەز گۈ-زەللىكى مەپتۇنكار، مەھلىيا قىلغۇچ، جەلپكار، تەسىرلەندۈرگۈچ سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە. بۇنداق خۇلقى ـ مىجەز گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلى تەبەسسۇمدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

خۇلقى ـ مىجەز خۇنۈكلۈكى ھەتتا تاشقى كۆرۈنۈشى گۈزەل كىشى ئۈچۈنمۇ پاجىئەلىك، بەختسىز مۇز دەريادۇر. بۇت، ھەيكەل ۋە مودا كىيىملەر كىيىندۈرۈلگەن سۈنئىي «ئادەم» لەر گەرچە خۇل-قى ـ مىجەزسىزلىقىدىن ئەيىپ قىلىنىسىمۇ، خۇلقى ـ مىجەزى سو-غۇق كىشىلەر دائىما نەپرەت مەركىزىدە سوقۇلۇپ يۈرىدۇ. ئۇلار يا-شاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەقىل ۋە قىزغىنلىق، سەنئەت ۋە جا-زىبىكارلىق قىممىتىدىن مەھرۇم كىشىلەردۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئەگەر ساھىبجامالىلىق زىننەت ئەينىكىدە كۆرۈنسە، مەپتۇنكارلىق باشقىلار قەلبىدە كۆرۈنىدۇ، باشقىلارنىڭ گۈزەل ئىدراك ۋە تەسىراتىدا قالىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەگەر ساھىبجامالىلىق جاھازا دېيىلسە، بۇ جاھازىغا ھەقىقىي ھۆسن نۇرى بىلەن ئىنسانىي، ھاياتىي، مەنىۋى گۈزەللىك بېغىشلايدىغان نەرسە مەپتۇنكارلىقتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مەپتۇنكارلىق شۇنداق بىر گۈزەللىككى، ئۇ ھۆسن - جامالدىكى ئارتۇقچىلىقنى جىلۋىلەندۈرۈپ، يېتەرسىزلىكنى يوپۇتىدۇ، ھەتتا بەزى خۇنۈكلۈكنى گۈزەللىككە قوشۇمچە قىلالايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



مەپتۇنكارلىقسىز ھەقىقىي گۈزەللىكتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. مەپتۇنكارلىقى بولماسلىق، ئەكسىچە ھاكاۋۇر، مەغرۇر، مەنمەنچى، كىشىنى بىزار قىلىدىغان خۇلقلار ماھىيەتتە ساھىبجامالدىكى ئېغىر خۇنۈكلۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مەپتۇنكارلىق قارشىلىق قىلىپ بولمايدىغان، كىشىنى قايىل قىلىپ، ئەسىر قىلىپ ئالىدىغان سېھىرلىك كۈچكە ئىگە خۇلقى - مىجەز يۈكسەكلىكىدىن ئىبارەت. ئەگەر ساھىبجاماللىق تاسادىپىي «ئامەت» كە ئىگە قىلسا، مەپتۇنكارلىق بەختكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. ساھىبجاماللىققا تەلپۈنگەن، ساھىبجاماللىققا قانائەتلىنىپ، مەپتۇنكارلىقنى ئۇنتۇلغان، مەپتۇنكارلىققا تەلپۈنمىگەن كىشىلەر مىسقا قانائەت قىلىپ، ئالتۇنغا ئېتىبار قىلمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مەپتۇنكارلىق خۇلقى - مىجەزدىكى ھەقىقىي، سەمىمىي گۈزەللىكتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مىجەز - خۇلق مەلۇم مەنىدە ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى پىسخىك سەنئەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ سۇنئىيلىكىمۇ، تەبىئىيلىكىمۇ، ئادەتلەنگىنىمۇ بولىدۇ. بۇ پەقەت ئىجابىي قىممىتى تۈپەيلىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ، ئۆز پائالىيىتىگە يول ئاچىدۇ. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بىرىنچىدىن، خۇلقى - مىجەز تولىمۇ سۇنئىي، تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئىككىنچىدىن

ھېسسىيات گۈزەللىكىگە زىت بولۇپ قالماسلىقى، ئۇچىنچىدىن قارا نىيەت مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھىيلىگەرلىك، كاززاپلىق، ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىچكى قەلب گۈزەللىكىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىنساننىڭ تاشقى شەكىل گۈزەللىكى بىر پانۇس بولسا، قەلب گۈزەللىكى ئۇنىڭ يورۇق شىمىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

قەلبى گۈزەل بولمىغان كىشىلەر ھەر قانچە گۈزەل ياكى ھەر قانچە ياسانغان بولسىمۇ ئۇنىڭدا ھەقىقىي گۈزەللىك، يۈكسەكلىك، ئالىيجانابلىق بەرق ئۇرۇپ چىقمايدۇ. ئىنسان گۈزەللىكى تەبىئەت-تىكى ھەممە شەيئىلەردىكى گۈزەللىك قاتلاملىرىدىن شۇ سەۋەبلىك ئۈستۈن ۋە ئەۋزەلكى، ئۇ ئۆزىدە بۇ خىل مېخانىك ياكى بىئولوگىيىلىك گۈزەللىك ئۆلگىلىرىنى تەكرارلىمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىنسانغا خاس مەنىۋى گۈزەللىك ئارقىلىق قالغان گۈزەللىك

ئامىللىرىنى جۇلالاندۇرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مەنىۋى گۈزەللىك ئۇ قەلب گۈزەللىكى، ھېسسىيات گۈزەللىكى، ئەقىل ـ ئىقتىدار گۈزەللىكى، مۇناسىۋەت گۈزەللىكى قاتارلىق بىر قانچە تەرەپتىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەنىۋى گۈزەللىك ماھىيەتتە كونكرېت شەخسنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ۋىجدان گۈزەللىكى — بىر شەخسنىڭ باشقىلار بىلەن ياكى پۈتۈن جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆز قەلبىنىڭ ۋە ئۆز ئىشىنىڭ پاكلىقى، ئۇلۇغۋار غايىگە ئۇيغۇنلۇقى ۋە ھەققانىيلىقى ھەققىدىكى ئەخلاقىي بىلىش ۋە ئىپتىخار ھېسسىياتىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ھېسسىيات —ئىنساننىڭ ئۇلۇغ مەنىۋى يالقۇنى بولۇپ، گۈزەل، قىزغىن، سەممىي ھېسسىيات ئۇلۇغ قەلبنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇ سەۋەبلىك گۈزەل ھېسسىيات ئۆز بولىقى بىلەن گۈزەلدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تارقاتقۇچىسى

ھېسسىيات گۈزەللىكىدە ھېسداشلىق ـ خەيرخاھلىق ئەڭ گۈزەل بىر دائىرە. ئۇ ھېسداشلىق قىلغۇچىنىڭ ئىنسانىي قەل-بىنى، ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەر قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ھېس-داشلىق ـ خەيرخاھلىق ھېسسىيات گۈزەللىكىدە شۇنداق يۈكسەك مەلەكەكى، مۇشۇ ھېسداشلىق ـ خەيرخاھلىق تۈپەيلى ئىنسان بىر ـ بىرىگە ئىنسانىي ئالاقە، ئىشەنچ، ساداقەت ۋە ئىنسانىي ئۈمىد بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ. بىر ـ بىرىدىن نىجادىيەت، ياخشىلىق، ۋاپا كۈتىدۇ. ئەگەر مۇنداق ھېسداشلىق ـ خەيرخاھلىق گۈزەللىكى بولمىغان بولسا رىقابەت ۋە رەشكى ـ ھەسەت تۈتەكلىرى قەلب گۈ-زەللىكى گۈلزارىنى كۈلگە ئايلاندۇرغان بولاتتى. ئەگەر مۇنداق ھېسداشلىق ـ خەيرخاھلىق ھۆزەللىكى بولمىغان بولسا كىشىلەر ئۆزگىلەر تەقدىرىگە كۆيۈنۈپ ئۆز ـ ئۆزىنى مەردانىلىك بىلەن قۇربان قىلمىغان، قەھرىمانلىق تەنتەنىلىرى شەخسىيەتچىلىك توپان بالاسىغا غەرق بولغان، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھېكايىلەردە سۆزلەنگەن ئاتلانتىكا ئارىلىدەك خارابىلىققا غەرق بولغان بولاتتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



ھەرىكەت گۈزەللىكى — سۆز بىلەن ئەمەلىي پائالىيەتنىڭ بىردەكلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ قەلب گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خىرقى ئىپادىسى ۋە ھەقىقىي ئىسپاتىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇناسىۋەت گۈزەللىكى — ئالەمنىڭ تەڭداشسىز بېزەكى بولغان ئىنسانغا، ھەقىقىي ئىنسانىي گۈزەللىك بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش دېگەن سۆز. مۇناسىۋەت گۈزەللىكى ئىككى ئۇلۇغ ئاڭ ۋە ھېسسىيات بىلەن كىشىگە خوشاللىق بېغىشلايدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ ئىككىنچىسى مۇناسىۋەت ئوبيېكتىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە ئۇنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇناسىۋەت گۈزەللىكىنىڭ ئاساسى قەلبى يۈكسەكلىك، ھېسسىيات ۋە خاراكتېر گۈزەللىكىدۇر. بۇ ھەربىر ئىنساننى ئۆزى بىلەن باراۋەر ئىنسان دەپ بىلىش، باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى بىلەن ئۇلۇغلۇقىغا يەنىلا ئاشۇ بىردىنبىر مۇقەددەس ئىنسانىي باراۋەرلىك نەزىرى، بار كۆرۈش ياكى خوشامەت ياكى يىرتقۇچ ياكى لالما ئىت خۇيىنى ئىنسانىي پەزىلەت ئورنىغا دەسسەتكەنلىك بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ياشلىق گۈزەللىكى يوپۇرماقتىكى شەبنەمدەك ئۆتكۈنچى، كېيىنىش ۋە پەرداز گۈزەللىكى ھەر قاچان ئۆزىنىڭ تاشقى كۆرۈ-نۈش قاتلىمىدا جۇلا قىلىدۇ. ئادەم ياشانغانسېرى قالىدىغىنى بىرلا گۈزەللىك —قەلب خەزىنىسىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

گۈزەللىك مۇھەببەتتە ئىشتىياق ھەم رەشك قوزغىشى مۇمكىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

قەلب گۈزەللىكى ئالماس - ياقۇت بولسا، ئۇنىڭ يالتىراق نۇر جۇلالىسى ھەممىدىن ئىلگىرى خۇش تەبەسسۇم ۋە خۇش زۇۋاندۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

گۈزەللىك بىر مىللەت ئۇچۇنمۇ مەنىۋى ساپا ئالامەتلىرىدىن بىرى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



گۈزەللىك ئەڭ ئالدى بىلەن ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە. پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىدا، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ۋە ئۇنىڭ راۋاجلى-نىش جەريانىدا بىرلەمچى گۈزەللىك ئوبيېكتىپ يوسۇندا مەۋجۇت

بولۇپ تۇرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

گۈزەللىك ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى ياكى ئېنىڭ بىلەن زىچ تۇتاشقان. ئىجتىمائىي ھاياتتا ئىپادىلەنگەن بارلىق گۈزەللىك ئۆلچەملىرى، سەمەرىلىرى ۋە مۇھاكىمىلىرى كىشىنىڭ ئېستېتىك چۈشەنچىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭى بىلەن زىچ باغلانغان، ھەتتا ئۇنىڭسىز مەۋجۇت ئەمەستەك كۆرۈنۈش ئالغان. ھەقىقەتەن ئىنسانىيەت ئىككىنچى تەبىئەتنى — كىشىلىك جەمئىيەتنى ياراتتى، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئارزۇسىنى ۋە ئوبرازىنى ئىپادىلەپ مىسلىسىز گۈزەللىك ياراتتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

تەبىئەتتىكى ئەسلىي گۈزەللىك مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

تەبىئەت ھەقىقەتەن ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىرىنچى بۇلىقى، ئۈلگىسى ۋە ئۆلچىمى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

گۈزەللىك چۈشەنچىلىرى ئەخلاق چۈشەنچىلىرىگە تەسىر

كۆرسەتكەندەك، ئەخلاق چۈشەنچىلىرىمۇ گۈزەللىك چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

گۈزەللىك ئوبيېكتىپ كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ ماددىي دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرى ۋە تاشقى ئالامەتلىرىدىكى ماھىيەتلىك، قانۇنىيەتلىك، گارمونىيىلىكنىڭ روشەن ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

گۈزەللىك — بىزنىڭ تۇيغۇمىز ۋە ئىدىيىمىزگە تەسىر قىلىپ، بىزنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇ ۋە ئېستېتىك ئېڭىمىزنى قوزغايدىغان ئوبيېكتىپ نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىق ۋە تاشقى كۆرۈنۈشلۈك ئالامەتلىرىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

رېئاللىقتا گۈزەللىك — چىنلىق ۋە ياخشىلىق بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىمۇ چىنلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ بىردەكلىكى ئاساسىدا يۈز بېرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئىنسانىيەت، مەۋجۇت گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۆزىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى يارىتىدۇ. ئىجتىمائىي ھايات كىشىلەردىن چىنلىقتا مەۋجۇت بولغان گۈزەللىك قانۇنلىرى ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىشنىڭ تەلەپلىرى بويىچە ماددى، مەنىۋى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ھال تارىخىي يوسۇندا چىنلىقنى گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى ۋە ئالدىنقى شەرتى قىلىپ قويغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

چىنلىق ۋە ساختىلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك ئارىسىدىكى كۈرەش يەككە ـ يېگانە ھالدا ئەمەس، بەلكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ساختىلىق، يامانلىق، خۇنۇكلۇك ئۈستىدىكى كۈرىشى ۋە غەلىبىسى شەكلىدە داۋام قىلغان. چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ساختىلىق، يامانلىق ۋە خۇنۇكلۇك بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا كىشىلەر تەرىپىدىن تونۇۋېلىنغان. بۇ تارىخىي جەريان مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

جىسمانىي گۈزەللىك، گۈزەللىكنىڭ كىشىلەر ئىزلىنىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان مۇھىم بىر تەرىپى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

جىسمانىي ساغلاملىق ۋە ئۇنى ئاساس قىلغان جىسمانىي گۈزەللىك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش گۈزەللىكى ھەققىدىكى ئارزۇ-سىنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

جىسمانىي گۈزەللىك ئىككى ئامىلدىن تەشكىل تاپقان. ئۇ-نىڭ بىرى، جىسمانىي جەھەتتىكى تۇغما ياكى چېنىقىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن جىسمانىي ساغلاملىق ۋە جىسمانىي گۈزەللىكتىن ئىبارەت. يەنە بىرى، مۇشۇ جىسمانىي ساغلاملىق ۋە جىسمانىي گۈزەللىكنى گۈزەللىك تەلەپ ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە ئىسكەتكە كىرگۈزۈش ۋە ئىسكەتتە تۇتۇشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

كىشىلەر ئۆز ھاياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان جىسمانىي گۈزەللىك ۋە ئىسكەت گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قادىر كىشىلەر يەنە ئۆز ھاياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا لايىق گۈزەللىك ئالامەتلىرىدىن ئۈنۈملۈك بەھرىمەن بولۇشقىمۇ قادىر. جىسمانىي ۋە تاشقى بەدەن گۈزەللىكى پەقەت ياشلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن ئىبارەت بىرلا باسقۇچ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دەيدىغان كۆز قاراشلار بىر تەرەپلىمە ۋە ئۈمىدسىز قاراش.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

قەلب گۈزەللىكى، ئىنسانىنىڭ بارلىق ئىدىيە، بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ ماھىيىتى، پەزىلىتى ۋە قەدىر - قىممىتىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

كىشىلەرنىڭ بەخت ئۇچۇن، كەلگۈسى ئۇچۇن بولغان كۈرىشى ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ، ئۇنى توختىتىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

گۈزەللىكلەر ئىچىدە يەنە گۈزەللىك بولىدۇ. ئۇ خۇددى ئالدىمىدىن دىدار پەردىسىنى سىيرىپ چىققان مۇشۇ ساھىبجامالدەك كىشىنى ئەقلىي مۇھاكىمە ۋە زېھنىي كۆزىتىش ھوقۇقىدىن بىردىنلا مەھرۇم قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەزگۈ مالائىكە» دىن

ئېستېتىكا گۈزەللىك توغرىسىدىكى پەن. ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى بىلىشى ۋە دۇنيانى ئېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ساھەسىدە ئېرىشكەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىلمىي كرىستالى. ئۇ دۇنيانى بىلىشنىڭ مۇھىم بىر ئىلمىي تارمىقى، دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم جەڭگىۋار قورالى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

كىتاب ئىسمى : گۈزەللىك ھەققىدە ھېكمەتلەر
پىلانلىغۇچى : مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى : ئادىل مۇھەممەت
ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگۈچىلەر : ئابدۇقادىر ئاتاۋۇللا
سادىقجان ئابدۇرېشىت
تەكلىپلىك مۇھەررىر : ئامىنە كىچىك
مەسئۇل مۇھەررىر : ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى : قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 830000
تارقاتقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت : شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى : 880mm×1230mm 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 5 باسما تاۋاق
نەشرى : 2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—80744—361—2
باھاسى : 12.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)